

11
1989

# شىنجاڭ ئاياللىرى

# 新 疆 妇 女

# سايرام كۆلى توغرىسىدا رىۋايەت

قازاق خەلق چۆچىكىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن.
رەسسام: ياڭ دۇڭخۇا



















1. بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، ئىلىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئەللىكە تاغ گۈللىرىنىڭ خۇشپۇراق ھىدى بىلەن قاپلانغان ياپيېشىل چىملىق ئىدى. بۇ جايدا ماھىرە ئىسىملىك بىر گۈزەل قىز ياشايتتى.

2. ماھىرەنىڭ كۆزلىرى بۇلاقتەك، چاچلىرى قۇندۇزدەك ئىدى. ئۇنىڭ ئايىغى تەككەن جايدىكى ئوت-چۆپلەر تېخىمۇ ياشىرىپ كېتەتتى. ئۇ ئۈزگەن ياۋا مېۋىلەر تېخىمۇ شېرىنلىشىپ كېتەتتى.

3. ماھىرە ناخشىنى بۇلبۇلدەك يېقىملىق ئېيتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئورمانلىقتا ناخشا ئېيتقاچ تاغ گۈللىرىنى يىغاتتى. ئېرىق سۈيى شىلدىرلاپ ئۇنىڭ ناخشىسىغا جۆر بولاتتى.

4. شۇ ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ بىرىدە ياشايدىغان بىر قامەتلىك يىگىت بولۇپ، ئۇ ئاماق يېيىش، ئۆيىگە قايتىشنى ئۇنتۇغان ھالدا ماھىرەنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايتتى. بىر كۈنى ناخشا ئاۋازى ئۇشتۇمتۇت ئۈزۈلۈپ قالدى. يىگىت دەرھال كۆل بويىغا ئېتىنى چاپتۇردى.

5. ماھىرە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا قېرى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى. كېپىنەكلەر ئۇنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ناخشىسى توختاپ قالغانىدى.

6. دەرەخكە يامىشىۋالغان بىر ئادەتتىن تاشقىرى يوغان بوغما ئىلان قىزغا قاراپ ئاستا سۈزۈلۈۋاتاتتى.

# ئاياللارنىڭ ئەمگەك تەشكىللىنى سەرخىللاشتۇرۇش جەريانىدىكى رىقابەت ئېڭى

— ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى

ئىسلاھات بىلەن رىقابەت ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ چوڭ دولقۇنى. ئەمگەك تەشكىللىنى سەرخىللاشتۇرۇش — ھازىرقى زامان ئاياللىرىنى «رىقابەت» نىڭ شامال ئېغىزىغا ئىتتىرىپ قويدى. بەزى ئاياللار رىقابەت جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەيرىتى ۋە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىقتىدارى بىلەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن، يەنە نۇرغۇنلىغان ئاياللار مەغلۇپ بولدى. ھەتتا بەزى كارخانىلاردا «ئەرلەرنىڭ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئاياللار ئۆزلۈكىدىن خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ كېتىش» ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. بەزى كارخانىلاردا «ئاياللار ئۆيىگە قايتىشى كېرەك» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنداقتا، ھازىرقى زامان ئاياللىرى بۇ بىر مەيدان رىقابەتتە ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىپ، ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالامدۇ؟ بىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئەمگەك تەشكىللىنى سەرخىللاشتۇرۇشنى يولغا قويغان قىسمەن كارخانىلاردىكى 120 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ رايىنى تەكشۈرۈپ كۆردۇق.

تەكشۈرۈش داۋامىدا «ئاياللار خىزمەتكە قاتنىشىشى كېرەكمۇ ياكى ئۆيىگە قايتىپ بالا بېقىپ، ئۆي ئىشىنى قىلىشى كېرەكمۇ؟» دېگەن مەسىلىگە 85% ئايال: «خىزمەتكە قاتنىشىشى كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى. «ئۆيىگە قايتىپ، بالا بېقىپ، ئۆي ئىشىنى قىلىش كېرەك» دېگەنلەر ئاران بەش پىرسەنتنى ئىگىلىدى. يەنە ئون پىرسەنت ئايال «بىزگە ئىككىلىسى ئوخشاش» دەپ قارىدى. «ئەمگەك تەشكىللىنى سەرخىللاشتۇرۇش جەريانىدا سىز ئەرلەر بىلەن رىقابەتلىشىشنى خالامسىز؟» دېگەن مەسىلىگە 86% ئايال: «خالايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. «خالىمايمەن» دېگۈچىلەر ئاران 5.3 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. يەنە 8.7% ئايال «بىر نەرسە دېيەلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. دېمەك بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا ئاياللارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىش كەيپىياتى ۋە رىقابەت ئېڭى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ ھەم روھلاندۇرىدۇ.

تەكشۈرۈش داۋامىدا بىز يەنە بەزى كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان «ئاياللار ئۆيىگە قايتىشى كېرەك» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئاياللاردىن پىكىر ئالدۇق. نەتىجىدە، 95% ئايال ئىشچى-خىزمەتچى «ئاياللار ئۆيىگە قايتىشى كېرەك» دېگەنگە قاتتىق نارازى بولدى. بىر ئايال ئىشچى: «بىزنىڭ ئەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن پەر-

# مۇندەرىجە


* مۇھاكىمە مۇنبىرى *

ئاياللارنىڭ ئەمگەك تەشكىللىنى سەرخىللاشتۇرۇش جەريانىدىكى رىقابەت ئېڭى.................. 1

* ۋەتەن قوينىدا *

ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان ئانا ـ باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا ئاساس سالغۇچى ـــ ياڭ چۇڭرۇي... 6

* ئىلغارلار سېپىدىن *

ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلقنىڭ سالامەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاش .............................. 8

* باللار تەربىيىسى *

باللاردا ھېسداشلىق قىلىش ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك.............................. 11

* قانۇندىن ساۋات *

قانۇنسىز توي قىلىپ ئەر ـ خوتۇن بولۇۋالغانلار ئاجرىشىشقا توغرا كەلسە قايسى ئورۇن بىر تەرەپ قىلىدۇ... 14

* ئەر ـ خوتۇنلارغا مەسلىھەت *

تالاغا قاراش ئۈستىدە پسىخولوگىيىلىك تەھلىل... 15

بەختلىك نىكاھ قەيەردىن كېلىدۇ..................... 18

* دۇنيا ئاياللىرىغا بىر نەزەر *

سوۋېت ئىتتىپاقى ئاياللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى... 20

* باھار چېچەكلىرى *

؟ (شېئىر) .................................. 24

سەرگەردان سۆيگۈ (شېئىر)........................ 24

«مەن» (شېئىر)................................. 24

قىزلار كۆڭلى ئەمەك ئەمەس يىگىتلەر (شېئىر)... 24

ئېىست دەيمەن (شېئىر).......................... 25

* ئەدەبىيات گۈلزارى *

تاپشۇرۇلمىغان خەت (ھېكايە)..................... 26





1989 - يىل

11 - سان

(ئايلىق ژۇرنال)

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

باش مۇھەررىر
پاتىمە جاكۇلىنا

مەسئۇل مۇھەررىر
ھەلىمە ئىسمايىل

ۋەكالەت نومۇرى
(8 — 58)

مەملىكەت ئىچىدە بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان نومۇرى
GN65 — 1053/Z

رەسسام ۋە خەتتات
مەھەممەت ئايۇپ
(تەكلىپ قىلىنغان)

# مۇشتىرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز


* چەت ئەل ئەدەبىياتى *

رەزىل پوچتالىيون (ھېكايە) ........................ 30

* مۇشتەرىلەردىن خەت *

قانداق قىلغاندا قېيىن ئانا بىلەن كېلىنىنىڭ مۇ-
ناسىۋىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.................. 31

* سالامەت بولۇڭ *

تارقىلىشچان مېڭە-يۇلۇن پەردە ياللۇغى ۋە
ئۇنىڭدىن ساقلىنىش................................ 32

بوۋاقلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئانىنىڭ قورسى-
قىدىن باشلىنىدۇ.................................. 34

ئاياللار كېسەللىكلىرىنى ھورداپ داۋالاش......... 35

* جىنسىيەت ھەققىدە *

جىنسىيەت مەسىلىسىنى سىرلىق قىلىپ قويماس-
لىق كېرەك.......................................... 36

* مەسلىھەت تەرمىلىرى *

ئىززەت - ھۆرمىتىڭىزنى ساقلاي دېسىڭىز........... 39

* بىلىملىك *

ئاسمان جىسىملىرى يەرشارىغا سوقۇلۇپ كېتەرمۇ... 41

ئادەم بەدىنى 24 سائەتتە.......................... 42

* ئاڭلىغانمۇسىز *

ئېھرام ئىچىدە توڭلىتىلغان باشقا پلانېت ئادىمى... 44

بىر قىزنىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيۈپ كۈل بولۇشى... 44

ئۆلۈمنى ئالدىن بىلىۋالالايدىغان ئادەم........... 45

* ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن *

چەت ئەل رەھبەرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى............ 46

* تۇرمۇشىڭىزغا مەسلىھەت *

ھۆسن تۈزەشتىكى يامان ئادەتلەر.................. 48



مۇقاۋىدا

بەدىئىي سۈرەت
سۈلى شىخىلىڭ فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ كەينىدە

چەت ئەل مەنزىرىسى

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
ژۇرنىلى ئايلىق
رېداكسىيىسى نەشر قىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا
ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تىراژى: 60،000
باھاسى: 45 پۇڭ

شىنجاڭ شىنخۇا باسما
زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئادرېس
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە
كوچىسى 42 - نومۇر
پوچتا نومۇرى
830002

قىممىز بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى خىزمەتلەرنى ئەرلەردەك ئىشلەپ كېتەلەيمىز، ئەگەر بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىمىز ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان دائىرىدە تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئەر يولداشلارغا يېتەلمەسلىكىمىز ئەمەس، ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشۈشىمىز مۇمكىن» دېدى. يەنە بىر ئايال ئىشچى: «بىز ئاياللار ئائىلىدىن چىقىپ خىزمەتكە قاتناشقاندا، ئىقتىسادىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى سىياسىي جەھەتتىنمۇ ئورۇنغا ئىگە بولىمىز»، «ئاياللار ئۆيىگە قايتىشى كېرەك» دەيدىغان كۆزقاراش كەڭ ئاياللارنى يېڭىباشتىن ئۆيىنىڭ قۇلى قىلىپ قويىدۇ» دېدى.

تەكشۈرۈش داۋامىدا، بىز ئاياللارنىڭ نارازى بولغانلىقى ۋە غەزەپكە كەلگەنلىكىدىن باشقا يەنە تەخمىنەن 50% ئەر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ يۇقىرىدىقى كۆز قاراشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنىمۇ كۆردۇق. بىر ئەر يولداش بىزگە: «ئېلىمىزدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا ‹ئاياللار ئۆيىگە قايتىش كېرەك› دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس» دېدى. يەنە بىر ئەر ئىشچى: «ئەگەر ئاياللار ئۆيگە قايتۇرۇلسا، ئەر يولداشلارنىڭ مائاشى بىلەن پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغىلى بولمايدۇ» دېدى.

تەكشۈرۈش داۋامىدا، بىز بىرنەچچە زاۋۇت باشلىقى بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇلاردىن زاۋۇتتىكى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك تەشكىلىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى سورىغىنىمىزدا، ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەس» دېيىشتى. گەرچە ئۇلارنىڭ زاۋۇتىدىكى 95% ئايال ئىشچى - خىزمەتچى سەرخىللاشتۇرۇشقا قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا تەگىشچىلىكتە قالغان. بىر زاۋۇت باشلىقى: بىز سايلام رىقابىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق زاۋۇت باشلىقى بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىمۇ، تۆۋەندىمۇ ۋەدە بەرگەن. ئەگەر زاۋۇتنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرالمىساق ۋەزىپىمىزدىن ئىستېپا بېرىپ جازالىنىدىغانلىقىمىز ئېنىق بولسىمۇ، بۇنىڭدا مۇھىمى دۆلەت زور زىيان تارتىدۇ. شۇڭا سەرخىللاشتۇرۇشقا توغرا كەلسە ئەلۋەتتە ئەر ئىشچى - خىزمەتچىنىلا تاللاشنى خالايتتۇق، دېدى. بىر ئايال زاۋۇت باشلىقى: «مەن ئۆزۈم ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئايال بولماقنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن، ئاياللار خىزمەت ئىشلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە جەھەتتە ئۆز ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەرلەر بىلەن رىقابەتلەشكەندە، مۇئەييەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئېتىبار بەرمىسە بولمايدۇ. بىراق، ھازىر ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە نورما بەلگىلەش دېگەنلەرنى تەكىتلەۋاتىمىز. ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، ھالبۇكى، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىدە جىنس ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. شۇڭا بۇ، تەبىئىي ھالدا كارخانىنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرماقتا» دېدى. بەزى كارخانا رەھبەرلىرى يەنە ھازىرقى ياش ئايال ئىشچىلارنىڭ ناھايىتى مىشچان ئىكەنلىكىنى، خىزمەتتە ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىسىمۇ، ئەمما ياسىنىشقا كەلگەندە

قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى.

ئاياللارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىشى ۋە رىقابەت ئېڭى كىشىنى روھلاندۇرىدۇ. لېكىن بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا ئاياللارنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى، ئالغا بېسىش جەريانىدا ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزگە ياردەملەشكەنلەر ئىچىدە ئىككى نەپەر زاۋۇت ئىشخانىسىنىڭ ئايال مۇدىرى ۋە بىر نەپەر كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ئايال باشلىقى بار ئىدى. بىز ئۇلاردىن «قىيىنچىلىق» ھېس قىلىۋاتامسىلەر دەپ سورىغىنىمىزدا، ئۇلار كۈلۈپ تۇرۇپ بىزگە: قىيىنچىلىق ئەلۋەتتە بار، لېكىن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كۈچلۈك ئالغا ئىنتىلىش روھى ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىش روھىغا ئىگە بولۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئاياللار ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا، خىزمەتلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىيەلەيدۇ ھەمدە ئۆز كەسپىدە مۇستەھكەم يىلتىز تارتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولغان ئىككى ئايال تېخنىك بىزگە: «ئاياللار ئەگەر ئىلغار پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلىمەي (ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمگەك كۈچى) بولۇپ تۇرۇۋەرسە ۋە ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرمىسە، بىزنى كۆزگە ئىلمىدى، دەپ ئەرلەردىن ئاغرىنىشىمۇ بولمايدۇ» دېدى.

تەكشۈرۈش داۋامىدا نۇرغۇن ئاياللار ھازىر ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەكىتلەش، ئەمەلىيەتتە قۇرۇق گەپ بولۇپ قالدى دەپ ئىنكاس قىلىشتى. بەزى ئاياللار: ئادەتتە خىزمەتكە جىسمانىي جەھەتتىن ماسلىشالمايۋاتقانلىقىمىزنى ھازىرچە قويۇپ تۇرساقمۇ، لېكىن ھامىلدارلىق، تۇغۇت ۋە ئېمىتىش مەزگىللىرىدە بىزگە ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق بەزى رەھبەرلەر ھامىلدار ئىشچىلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك دەم ئېلىشقا چىقسا بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئىشقا چىقمىغاندا ياش چوكىيىپ كېتىۋېرىدۇ، كەسپىتىنمۇ چىقىپ قالىدۇ. كېيىن ئىشقا چىقتى دېگەندىمۇ كىشى كارغا يارامدۇ؟ دېدى. بەزى ئايال ئىشچىلار، ئەمگەك مۇھاپىزىتى قانۇنى بەزى كارخانىلاردا بىر پارچە قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى، بەزىلەر ئۇنى زادىلا ئىجرا قىلمىدى، دەپ ئىنكاس قىلدى.

ئاياللار مەسىلىسى بىر ئىجتىمائىي مەسىلە، ئاياللار چۈشىنىش، ياردەم بېرىش، ئېتىبار قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاج بولىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، «ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش، تۇغۇت فوندى تەسىس قىلىش، ئاياللار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش لازىم. ئايال ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزىتىگىمۇ پايدىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ پايدىلىق بولغان بىر يول تېپىپ چىقىپ، ئاياللارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىدۇر.

# ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىدىكى ئاساس سالغۇچى — ياڭ چۇڭرۇي

ياڭ چۇڭرۇي 1891 - يىلى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ تۇڭشەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1917 - يىلى بېيجىڭ شېخې مېدىتسىنا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ياڭ چۇڭرۇي ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز ئىختىيارى بىلەن يېزا - كەنتلەرگە باردى. خۇابېي ھەم خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇ ئاپىتى بولۇپ تۇرىدىغان رايونلىرىغا بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ۋە نامرات دېھقانلارنى داۋالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. ئۇ ئېلىمىزدىكى ھازىرقى زامان ساقلىقىنى ساقلاش بىلىملىرىنى يېزىلارغا ئەڭ بالدۇر يەتكۈزگۈچىدۇر.

1925 - يىلى ئۇ ئامېرىكا يوھان. خوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇردى ھەم شۇ ۋاقىتتىكى خەلقئارادا ئاياللار كېسەللىكلىرى بويىچە نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىس پروفېسسور ۋىيكاڭ تەرىپىدىن ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى دەپ قارالدى.

1927 - يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ئىشنى كەسكىن ھالدا ئاياللار كېسەللىكلىرى ساھەسىدىن ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىگە بۇراپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئانا - ساقلىقىنى ساقلاش بالىلار ئىشلىرىغا رەسمىي ئۇل سېلىشقا باشلىدى. ئۇ بېيپىڭدا ئېلىمىز بويىچە تۇنجى تۇغۇت ئانىسى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 360 تۇغۇت ئانىسى تەربىيىلىدى. دۆلىتىمىز ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇ ئۇياق - بۇياققا چېپىپ مۇراجىئەت قىلىپ يۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشىگە ئېرىشىپ، 1929 - يىلى بېيپىڭدا مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى تۇغۇت مەكتىپى قۇردى، ئۇنىڭ تارمىقىدا تۇغۇت دوختۇرخانىسى (تەسىس) قىلدى ھەمدە «پىداكارلىق روھى بىلەن كىشىلەرگە بەخت يارىتايلى» دېگەن شوئارنى مەكتەپنىڭ تەربىيىلەش كۆرسەتمىسى قىلىپ بېكىتتى. ئۇ ئۆزى مەكتەپنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇ ۋاقىتتىكى داڭلىق مېدىتسىنا ئالىملىرى جۇجاڭگىلىڭ، لىن چىئاۋجى قاتارلىقلارنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. 1933 - يىلى ئۇ يەنە نەنجىڭ مەركىزىي تۇغۇت مەكتىپىنى قۇردى. ئۇنىڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىشى ئارقىسىدا مەملىكەت بويىچە 20گە يېقىن تۇغۇت مەكتىپى بارلىققا كەلدى.

1930 - يىللاردا، ياڭ چۇڭرۇي دۆلىتىمىزدە نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ، «نوپۇسنىڭ سانىنى چەكلەپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش»نى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە تۇغۇتقا چەك قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش

پونكىتى قۇرۇپ ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى.

1948 - يىلى، ئۇ ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش مۇتەخەسسىسى سالاھىيىتى بىلەن، خەلقئارا ساقلىقنى ساقلاش تەشكىلاتى تەرىپىدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، سەھىيە مىنىستىرلىكى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ تەشكىللىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى ئاستىدا، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە مەملىكەت بويىچە 260 مىڭدىن ئارتۇق تۇغۇت ئانىسى قايتىدىن تەربىيىلەندى.

30 يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئامانەت قويغان 69 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى دۆلەتكە تەقدىم قىلدى.

چەت ئەل يېزىقىدىكى نەچچە ئون يىل توپلىغان كىتابلىرىنى ئىدارىسىگە تەقدىم قىلدى.

1983 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن بېيجىڭدا 93 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى گۈزىخىنىڭ تەزىيە نۇتقىدا يولداش ياڭ چۇڭرۇينىڭ ھاياتى «دۆلىتىمىزنىڭ ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ھايات، ئېلىمىزدىكى ئاياللار ۋە بالىلار ئۈچۈن بەخت ياراتقان ھايات» دەپ مەدھىيىلەندى.

تۇرسۇن خۇدابەردى تەرجىمىسى

## شىنجاڭدا تۇنجى قېتىملىق ئاياللار - بالىلار بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش داۋامىدىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلىش، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى ۋە جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 23 ئورۇن بىرلىشىپ، 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىدە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئاياللار - بالىلار بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىنى ئاچتى.

شىنجاڭدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىشلەۋاتقان ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى لايىھىلىگەن، ئىشلەپچىقارغان، ياسىغان ھەرخىل مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاياللارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىنتايىن چوڭ رولىنى نامايان قىلدى. بۇلاردىن باشقا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە گۇاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق ئۆلكە شەھەرلەر تەمىنلىگەن ھەرخىل ئاياللار - بالىلارغا كېرەكلىك تۇرمۇش، ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ئارقىلىق، ئاياللار - بالىلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. كۆرگەزمە مەزگىلىدە يەنە ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ موداكىيىملەرنى كۆرسىتىش ئويۇنى ئويۇشتۇرۇلدى.

ئارزىگۈل تۇرسۇن



# ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلقنىڭ سالامەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاش

ئەخمەتجان بائىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرىنچى خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى تۇرسۇنئاي ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا شىپا تېپىشنى ئۆز بۇرچۇم، دەپ بىلىدىغان دوختۇرلارنىڭ بىرى.

تۇرسۇنئاي 1945 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆز ئارزۇسى ۋە ئاپىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە شىنجاڭ مېدىتسىنا شۆيۈەنىنىڭ داۋالاش فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن ۋە ئالتە يىل ئوقۇپ مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرۈپ 1968 - يىلى ئۈرۈمچى ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كېنىغا دوختۇرلۇققا تەقسىم قىلىنغان. 1972 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ ئىشلىگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرىنچى خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

تۇرسۇنئاي داۋالاش كەسپىگە مەسئۇل بولغاچقا يۈكى ناھايىتى ئېغىر. ئۇ دوختۇرخانىدىكى داۋالاش خادىملىرى قوشۇنىنى ياخشى يېتەكلەپ مېڭىش ئۈچۈن پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايانغاندىن سىرت مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى.

1. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى.

2. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كۆپچىلىكتىن ئىشلەش تەلەپ قىلىنغان ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزى نەمۇنە بولۇپ ئىشلىدى.

3. خىزمەت ئورنىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئالاھىدە بولۇۋالماي پۈتۈن سۆز - ھەرىكىتىدە پېشقەدەم داۋالاش خادىملىرىنى ئۇستاز تۇتتى.

تۇرسۇنئاينىڭ دوختۇرخانا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن زىچ ماسلىشىپ بىر نەچچە يىل جانپىدالىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىسلاھات قەدىمى تېزلىشىپ، داۋالاش شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ دوختۇرخانا قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۈسكۈنىلىرى كەمچىل، شارائىتى قىيىن بولغان كىچىك دوختۇرخانىدىن مول ئالاھىدىلىككە، ئۆزگىچە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە دوختۇرخانىغا ئايلاندى. دوختۇرخانىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى يىلىغا تەخمىنەن %23 ئەتراپىدا ئېشىپ باردى. تۇرسۇنئاينىڭ تەشەببۇسى بىلەن، دوختۇرخانا رەھبەرلىكى پۇل تېپىشنىلا قوغلاشماي ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. ئاممىنىڭ داۋالىنىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ياشانغانلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى، باللار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى، تۇغۇتنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمى، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى، مەقەت-ئۈچەي يوللىرى كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ھۆسىن تۈزەش بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەرنى تەسىس قىلدى.

تۇرسۇنئاي رەھبەرلىك خىزمىتىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىگەندىن سىرت داۋالاش ئىشلىرىنىمۇ ئەستايىدىل ئىشلەپ كەلمەكتە.

1986-يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دوختۇرخانىغا 90 ياشلىق بىر ئۇيغۇر موماي كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە ئاق چۈشۈپ پۈتۈنلەي كۆرمەس بولۇپ قالغان بولۇپ، باشقا دوختۇرخانىلاردا ئۇزۇن يىل داۋالانغان بولسىمۇ، لېكىن قان بېسىمى يۇقىرى بولغانلىقى ھەم مېڭە، يۈرەك قان تومۇرلىرىدا ئېغىر دەرىجىدە قېتىش بولغانلىقتىن، ئوپېراتسىيە قىلىش خەتەرلىك دەپ قايتۇرۇۋېتىلگەنىدى. تۇرسۇنئاي بۇ مومايىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل دوختۇرى بىلەن كېسەللىك ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئوپېراتسىيە قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار مومايىنىڭ قان بېسىمى سەللا چۈشكەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىپ، مومايىنى يورۇقلۇقنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر قىلدى.

1987-يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىشتىن چۈشۈۋاتقان چاغدا، تۇرسۇنئاي بىر جۈپ خەنزۇ ئەر-خوتۇننىڭ بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالىدۇ-دە، ئۇلارنى باشلاپ بالىنىستقا ئېلىپ كىرىدۇ. بوۋاقنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىدى. بىراق بالىنىستىتا كارىۋات بولمىغاچقا، بۇ ئەر-خوتۇن بەكمۇ جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. تۇرسۇنئاي سېستىرالارغا كارىۋات قوشۇشنى بۇيرۇپ بوۋاقنى دەرھال بالىنىستقا ئالىدۇ.

1988-يىلىنىڭ بىر كۈنى يۈرەك مۇسكۇلى ئىنفىلمىسىغا گىرىپتار بولغان 40 نەچچە ياشلىق بىر خەنزۇ ئەر دوختۇرخانىغا جىددىي ئېلىپ كېلىنىدۇ، لېكىن جىددىي كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە كارىۋات يوق ئىدى. تۇرسۇنئاي داۋالاش كېچىكتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ دەرھال كارىۋات قوشۇپ جىددىي داۋالاشقا قوماندانلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىمار خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ ھايات قالىدۇ. تۇرسۇنئاي كېچە سائەت ئىككىدە ئىشنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

تۇرسۇنئاي خىزمەتكە قاتناشقان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، شەخسىي نام-مەنپەئەتنى ھەم پايدا-زىياننى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمىدى. ئۇ تەشكىلنىڭ خىزمەت تەقسىماتىغا ئاكتىپلىق بىلەن بويسۇنۇپ،

ئەگە ئەۋەتسە شۇ يەرگە شەرتسىز بېرىپ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى بىجانىدىل ئورۇندىدى. كېسەللەرنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ چەكسىز مېھرى - شەپقىتىنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭ بۇنداق تۆھپىسى خوتەن ناھىيىسىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئۇ 1987 - يىلى بىر داۋالاش ئەترىتىنى باشلاپ خوتەن ناھىيىسىنىڭ خانېرىق يېزىسىغا باردى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۈچەي يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئىدى. ئۇ بارغاندىن كېيىن دەممۇ ئالماستىن داۋالاش ئەترىتىدىكى خادىملارنى كونكرېت ئىش ئورۇنلىرىغا تەقسىملەپ «مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» ئورناتتى. يېزىلىق دوختۇرخانىنى مەركەز قىلىپ جىددىي داۋالىغاندىن سىرت، 13 كەنتتە داۋالاش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، داۋالاش ئىشىنى پۈتۈن يېزا بويىچە ئومۇملاشتۇردى. جىددىي داۋالاش نەتىجىسىدە كېسەللەر شىپا تاپتى، كېسەل بولمىغانلار ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قوللاندى. ئۇلار بۇ يەردە تۇرغان ئۈچ ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە كۈنىگە ئون سائەتتىن ئارتۇق، بەزىدە 20 سائەتلەپ ئىشلىدى. بايرام، يەكشەنبە كۈنلىرى ئارام ئالمىدى. جاپادىن، پاسكىنىچىلىقتىن، ھېرىش - چارچاشتىن قورقمىدى. مۇشۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئۈچەي يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 1069 نەپەر بىمارنى تولۇق ساقايتتى.

داۋالاش ئەترىتى يېزىدا جىددىي داۋالاش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ تىببىي خادىملار كەمچىل، دورا يېتىشمەسلىك، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بىرقەدەر قالاق بولۇشتەك ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، دوختۇرخانا خادىملىرىغا تىبابەتچىلىكتىن دەرس ئۆتۈپ بەردى. يېزا دوختۇرلىرىنىڭ ئاساسىي سەھىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى، كلىنىكىلىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. كېسەللەرنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈردى. بالنىست باشقۇرۇش تۈزۈمى، دوختۇر - سېستىرالارنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ئامبۇلاتورىيە خىزمەت تۈزۈمى قاتارلىق بىرقاتار قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش سەۋىيىسى خېلى دەرىجىدە ياخشىلاندى.

تۇرسۇنئاي دوختۇرخانىدىكى خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىگەندىن سىرت ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق مەھەللىدىكىلەرنىڭ خالىس دوختۇرى بولۇپ كەلدى. ئۇ مەھەللىدىكىلەر كېسەل بولۇپ قالسا، قاچان چاقىرسا ھەرقانداق ئىشىنى قويۇپ، بېرىپ قىزغىن داۋالاپ قويدى.

تۇرسۇنئاي خىزمەت ئىشلەش بىلەنلا قالماي كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ يېڭى بىلىم زېمىنىدە قەيسەرلىك بىلەن ئىزدەندى. ئۇ تەشكىلىنىڭ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن 1980 - يىلى شىنجاڭ مېدىتسىنا شۆيۈەنىدە يۈرەك كېسەللىكىگە دىئاگنوز قويۇشنى، 1983 - يىلى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك دوختۇرخانا نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە ئۆپكە راكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا دىئاگنوز قويۇشنى، 1984 - يىلى شىنجاڭ مېدىتسىنا شۆيۈەنىدە ئۆپكە كېسەللىكىگە دىئاگنوز قويۇشنى ئۆگەندى.

ئۇ ئىشلەپ ئۆگىنىپلا قالماستىن،



# بالىلاردا ھېسداشلىق قىلىش ئادىتىنى قانداق يېتىشتۈرۈش كېرەك

بەزىدە بالىلار: «ئاۋۇ بالا نېمىشقا نامرات؟»، «ئاۋۇ ئادەم نېمىشقا كوچىدا ياتىدۇ؟» دەپ سوراپ قالىدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇنداق مەسىلىلەردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرالمايدۇ. بالىلارمۇ ئۇلاردىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئېلىشنى كۈتىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، كىنو، تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا كۆرسىتىلىۋاتقان ناچار ئۈلگىلەر ئائىلە تەربىيىسىگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. بەزىلەرنىڭ «ھازىر پەرزەنتلىرىمىزگە قىممەت قارىشىنى سىڭدۈرۈش ئىلگىرىكىدىنمۇ تەس بولۇپ كەتتى» دېيىشىدىن ئەجەبلەنگىلى بولمايدۇ.

مۇتەخەسسىسلەر، بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىدە بىرىنچى-

ئىزچىل تۈردە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. 1981-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە گېزىت، ژۇرنال ۋە رادىئولاردا ئۇنىڭ 300 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى، بۇ ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرى مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1986-يىلى ئۇ تەييارلىغان «نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرى توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار» ناملىق كىتاب نەشىردىن چىقتى.

تۇرسۇنئاي خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە كەسىپتىكى تىرىشچانلىقىغا مۇۋاپىق مەسئۇل ۋىراچلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالدى.

1984-يىلىدىن 1988-يىلىغىچە ئۇدا بەش يىل دوختۇرخانا بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 1987-يىلى 9-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6-نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى. 1988-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-سانلىق يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ سايلاندى. شۇ يىلى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى.

تۇرسۇنئاي ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، تىيانشان رايونلۇق خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك زىيالىي ئاياللار دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

چە باسقۇچ بولىدۇ. بەش ياش ئەتراپىدا ھەق-ناھەق ئۈستىدە بەزى خاتا ھۆكۈملەرنى قىلىشىدۇ، لېكىن بۇلار ناھايىتى ئاددىي بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە، كۆپ ساندىكى بالىلارنىڭ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشتىكى ئاساسىي، بەلگىلىمىگە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ ياكى «كۈچ-ھەققانىيەت» دېگەننى ئاساس قىلىدۇ؛ باشقىلار ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى تېخىمۇ كېيىن شەكىللىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئادىل ھەققانىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بەزىلەر: بالىلارنىڭ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى بۇۋاق چېغىدىنلا باشلىنىدۇ. بوۋاقلارنىڭ باشقا بوۋاقلارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغاندا قاتتىق يىغلاپ كېتىدىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى، دەپ قارايدۇ. كىچىك بالىلار باشقىلارنىڭ ئازابقا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇلار نامرات، باي دېگەن ئۇقۇمنى روشەن بىلىدۇ. قايغۇ-ھەسرەتنى چۈشىنىدۇ. تۆت ياشلىق بىر بالا سۇلايمان بېلىقىنىڭ تۇخۇملاپلا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئېچىنغان ھالدا: «ئۇنداقتا سۇلايمان بېلىقىنىڭ بالىسى ئانىسىز قالامدۇ؟» دېگەن.

بىراق، بالىلارغا ئىجتىمائىي ئاڭنى سىڭدۈرۈشكە ناھايىتى كۆپ كۈچ كېتىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار: بالىلار ئەخلاق قارىشى ئۈستىدە ئۆزلىرى ئىزدىنىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەيلى قويۇپ بېرىدىغان ياكى مەجبۇرلايدىغان تەربىيە قارىشىنىڭ ھەممىسى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئاتا-ئانىلار پەقەت مۇشۇ ئىككى خىل تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم ھوقۇقى ۋە كۆيۈنۈشى شۇنىڭدەك ئوچۇق پىكىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىگە باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە كۆيۈنۈش ئۇرۇقىنى سالالايدۇ.

چوڭ شەھەرلەردە ئۆسكەن بالىلارمۇ بەزىدە نامرات ۋە بەختسىز ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. مۇئەييەن دائىرىدە بالىلارنى قاراڭغۇ تەرەپلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش بەزىدە ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر: «بالىلار ھېسسىيات جەھەتتە ھەم تۇراقسىز ھەم ناھايىتى قەيسەر كېلىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ ماكانسىز قالغانلىقىنى بىلگىنىدە ئانچە ئازابلىنىپ كەتمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. بالىلار ئۇچراتقان ماكانى يوق، كوچىلاردا يېتىپ قالغان، مېيىپ بولۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ئادەملەر شۇنىڭدەك كۈندە كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرىۋاتقان ئىشلار بالىلار بىلەن قىممەت قارىشىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت بولىدۇ. مۇشۇ جەرياندا بالىلار چوڭلاردىن باشقىلارنىڭ ئازابقا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە پەيدا بولىدىغان كەيپىياتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

توققۇز ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان بالىلاردا تەدرىجىي ھالدا دۇنيا توغرىسىدا ئاڭ پەيدا بولىدۇ. ئۇلار گېزىت كۆرۈش، تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى ئاڭلاش... ئارقىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدۇ. قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلگەن، جاراھەتلەنگەن پاكىتلارغا دىققەت قىلىدۇ. مۇشۇنداق يېڭى بىلىملەردىن ئۇلار: «ئىرقىي كەمسىتىش دېگەن نېمە؟»، «ئوخشاش بولمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەر قايسىلار؟» دېگەنگە ئوخشاش ئاتا-ئانىلار جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئائىلىدە ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈش ياكى نامراتلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىلەر، باللارغا ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇشۇ ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە قارىشىنى، شۇنىڭدەك بۇ ئىشلارغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئەستايىدىللىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر مۇتەخەسسىس: «ئائىلە ئەمەل قىلىۋاتقان مەلۇم بىر خىل ئېتىقادنى باللارغا بىلدۈرۈش ناھايىتى پايدىلىق» دەيدۇ. كەچلىك تاماقتىكى ئازراق ۋاقىتمۇ مۇشۇ ياشتىكى باللارنىڭ پىكىر بايان قىلىدىغان ۋە سىز بىلەن مۇنازىرىلىشىدىغان ياخشى پۇرسىتى. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى باللار سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدۇ، بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق. ئەڭ مۇھىمى، بالىنىڭ گېپىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش ھەمدە بۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتنى ئىپادىلەشتۇر.

باللار ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى دورايدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلار ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئىش ھەمدە ھەرقانداق جايدا ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ بېرىشى كېرەك. بەرگەن تەلىم بىلەن سۆز-ھەرىكەت ئوخشاش بولماسلىق بالىغا ساختىپەزلىكنى ئۆگىتىپ، بالىنى باشقىچە كەيپىياتقا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، خالاس.

بۇنىڭدا يەنە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ بېرىشلا كىپايە قىلمايدۇ. مۇتەخەسسىسلەر: «باللارنى بۇنداق ئىشلارغا ئىمكان قەدەر بالدۇرراق قاتناشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم» دەپ قارايدۇ. ئاتا-ئانىلار ياشىنىپ قالغان قولۇم-قوشنىلارغا ياردەملىشىپ ئىش قىلىپ بېرىۋاتقاندا، بالىنىمۇ چامى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىشىپ بېرىشكە چاقىرىش زۆرۈر. مەسىلەن، سىز ياشىنىپ قالغان قوشنىڭىزغا ياردەملىشىپ ئۆيىنى ئاقارتىپ بېرىۋاتقىنىڭىزدا بالىغا ھاك چىلىكىنى كۆتەرتىڭ؛ سىزمۇ بالىڭىز بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا خەت يېزىپ ماكانسىز قالغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ؛ يەنە بىر ئۇسۇل، بالىڭىز بىلەن بىرلىكتە بىر پۇل ساندۇقى تۇتۇپ ئۇنىڭغا خەيرىيەت فوندى قىلىپ پۇل يىغىڭ ھەمدە ساندۇق توشقاندا پۇلنى بالىڭىز بىلەن بىرلىكتە ئاپىرىپ خەيرىيەت ئاپپاراتلىرىغا ئىئانە قىلىڭ.

ئائىلە ئەزالىرى بىرلىكتە ئائىلە ئەمگىكىگە قاتنىشىش باللارنى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۆگىتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى. شۇنىڭدەك بۇ ئارقىلىق باللار بەزى ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. باللار ياشلىق باھارى مەزگىلىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارغا جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئادىتىنى ئۆگىتىمەن دېيىش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. ياش ئۆسمۈرلەر مۇستەقىل بولۇشقا ئالدىرايدۇ، كۆپ چاغلاردا ئائىلىدىكىلەر بىلەن بىللە پائالىيەت قىلىشنى خالىمايدۇ. تەڭتۇش دوستلىرى بىلەن بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنى بەكمۇ ئەيىبلەپ كېتىشكە بولمايدۇ. باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەق-ناھەق قارىشى ئاتا-ئانىسى بىلەن تامامەن بىر يەردىن چىقماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغىمۇ ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك. قىسقىسى، ئاتا-ئانىسىنىڭ بالىسى كىچىك ۋاقىتتا بەرگەن تەسىرى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

تەھرىر بۆلۈمى رەتلىگەن

# قانۇنسىز توي قىلىپ ئەر - خوتۇن بولۇۋالغانلار ئاجرىشىشقا توغرا كەلسە قايسى ئورۇن بىر تەرەپ قىلىدۇ

ئەمەت سۇلتانوۋ

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنى»نىڭ 7 - ماددىسىدا: «نىكاھلانماقچى بولغان ئوغۇل - قىز، ئەر - ئايال نىكاھلانغۇچىلار تىزىملاش ئورگىنىغا ئۆزى بېرىپ تىزىملىتىشى شەرت. مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرى تىزىمغا ئېلىنىپ ئۇلارغا توي خېتى بېرىلىدۇ. توي خېتى ئالغاندىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە پۇقرالارنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەر بىر ئادەم دۆلەتنىڭ قانۇن نىزاملىرىغا بويسۇنۇشى لازىم، جۈملىدىن نىكاھ - ئائىلە مەسىلىسىدىمۇ نىكاھ ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن، نىزاملارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، قەتئىي ئەمەل قىلىش زۆرۈر. نىكاھ مەسىلىسىدە ھۆكۈمەتسىزلىك قىلىپ، نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ئورگىنىغا تىزىملاتمايلا ئەر - خوتۇن بولۇپ بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرۈش نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ ھەرىكەتتۇر.

لېكىن رېئال تۇرمۇشتا توي خېتى ئالماي قانۇنسىز ئەر - خوتۇن بولۇپ بىر ئۆيدە ياشايدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا بۇنداق ئەر - خوتۇنلارنىڭ نىكاھدىن ئاجرىشىش ماجىرالىرىدىنمۇ خالىي بولغىلى بولمايدۇ. قانۇنسىز ئەر - خوتۇن بولۇۋالغانلارنىڭ نىكاھدىن ئاجرىشىش ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. مەسىلەن، توي خېتى ئالمايلا ئەر - خوتۇن بولۇپ بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرگىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغان ھەمدە پەرزەنتلىك بولغان، شۇ جايدىكى ئاممىمۇ ئۇلارنى ئەر - خوتۇن دەپ قارىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن بولغانلار قانۇندا ئەمەلىي نىكاھ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئەمەلىي نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا خەلق سوت مەھكىمىلىرى يەنىلا ئادەتتىكى قانۇنلۇق نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى ماجىرالارغا ئوخشاش ئەر - ئايالنىڭ مۇھەببىتىنىڭ بۇزۇلغان ياكى بۇزۇلمىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ، نىكاھدا ئەركىن بولۇش ھەم ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش پرىنسىپى بويىچە ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش ياكى قىلماسلىقىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بېكىتىش لازىم. ياخشىلىشىپ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغانلار بولسا، نىكاھلانغۇچىلار تىزىملاش ئورگىنىغا بېرىپ، نىكاھغا تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى تولۇقلىۋېلىش كېرەك.

ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ ياكى بىر تەرەپ نىكاھ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشىغا توشمىغان، ھەم پەرزەنت كۆرمىگەن بولسا، ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىكى

* ئەر-خوتۇنلارغا مەسلىھەت *

# تالاغا قاراش ئۈستىدە پىسخولوگىيىلىك تەھلىل

ئەرلەر دىققىتىگە

بۇ ماقالىدە بەزى ئاياللارنىڭ نىكاھلانغاندىن كېيىن تالاغا قاراپ قېلىشىدىكى خىلمۇخىل پىسخولوگىيىلىك ئامىللار تەھلىل قىلىنىپ، ئەرلەرگە چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك نەسىھەتلەر قىلىنغان......



ھازىر نىكاھلانغاندىن كېيىنكى ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتىدىن نارازى بولىدىغان ئاياللار ئاز ئەمەس. بەزى ئائىلىلەر كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئىناقتەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتى ئاللىقاچان سۇسلاشقان، نۇرغۇنلىغان ئاياللار ئەرلىرىنىڭ زوراۋانلىقى، ئائىلىگە كۆيۈنمەسلىكى، ئۆزىگە قوپال ھەم سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىدىن ئازاب چېكىدۇ، مۇشۇنداق روھىي ئازابتا تۇرۇۋاتقان ئاياللار ناۋادا ئۆزىنى چۈشىنىدىغان، ھۆرمەت قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان بىرەر ئەرگە يولۇقۇپ قالغاندا ھېسسىياتىدا تەۋرىنىش بولۇشى ھەتتا قارشى تەرەپنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن. بۇنداق ۋەقەلەر تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشلار ئەر بولغۇچىلارنىڭ چوقۇم دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك. بەزىلەر ئاياللارنىڭ تالاغا قارىشىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ھادىسىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئېچىۋېتىش سىياسىتىگە باغلاپ قارايدۇ، بۇنداق قاراشنىڭ مەلۇم ئاساسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئىنسانلار پىسخولوگىيىسىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىگە شۇنىڭدەك نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ پىسخولوگىيىسىدە بولىدىغان ئالاھىدە قانۇنىيەتلەرگە سەل قارالغان، بۇ يەردە بىز ئاياللارنىڭ تالاغا قاراش مەسىلىسى ئۈستىدە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈپ باقايلى: ئالدى بىلەن، ئاياللار، تۇغقانلار قانۇنسىز ئەر-خوتۇن بولۇۋالغان (ۋاقتى قىسقىراق) بولسا، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش كېرەك.

ئەمەلىي نىكاھ مۇناسىۋىتىدە، نىكاھ ماجىراسى يۈز بەرسە، ئەر ياكى ئايال تەرەپ تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلىنىڭ ياراشتۇرۇپ ھەل قىلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلسىمۇ ياكى ئىككى تەرەپ نىكاھدىن ئاجرىشىش، مال-مۈلۈك مەسىلىسى ئۈستىدە بىرلىككە كەلگەن بولسا، نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ئورگىنىغا بېرىپ نىكاھدىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرسىمۇ ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە ئەرز بەرسىمۇ بولىدۇ.

پسىخولوگىيە جەھەتتىن مۇھەببەتنى ئەر-
لەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم دەپ بى-
لىدۇ، غەربنىڭ بىر نىكاھ مەسىلىلىرى
مۇتەخەسسىسى ئاياللارغا باھا بەرگەندە،
«زور كۆپچىلىك ئاياللار مۇھەببەت بىلەن
كەسپتىن بىرىنى تاللاش مەسىلىسىدە
كۆپىنچە كەسپنى ئەمەس مۇھەببەتنى تال-
لايدۇ» دېگەن. ئەمما ئەرلەر ئۇلارغا ئوخ-
شىمايدۇ، ئۇلار نىكاھلانغاندىن كېيىن، كەسپ-
نى مۇھىم بىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار-
نىڭ خوتۇنىغا بولغان قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ،
خوتۇنىدا ئەرنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم
بولغاندەك تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.
خوتۇنلار ئېرىنىڭ ئۆزىگە بۇرۇنقىدەك
ئامراقلىق قىلىشىنى، بۇرۇنقىدەك بىللە سەيلە-
ساياھەتكە ئېلىپ چىقىشىنى، دائىم - سۆز-
ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق مۇھەببىتىنى ئىپا-
دىلەپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما رې-
ئاللىق كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ ئۈمىد قىل-
غىنىدەك بولمايدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ تالا-
غا قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇ-
ھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئىككىنچىدىن،
ئىنسانلاردىكى ئۇچمە كۆڭۈل بولۇشتەك
خۇسۇسىيەتنىڭ ئاياللاردىكى تەسىرى ئەر-
لەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، ئىلگىرىكى چاغلار-
دا ئاياللار چەكلىك دائىرە ئىچىدە تۇر-
مۇش كەچۈرەتتى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە
ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇش بى-
لەن ئاياللارمۇ پسىخولوگىيە جەھەتتىن
جانلىنىپ، تېتىكلىشىپ كەتتى، ئۇلار 50—60-
يىللاردىكى ئاياللارغا ئوخشاش تۇر-
مۇشنى بالىلىق بولۇش، بالا بېقىش بى-
لەنلا ئۆتكۈزمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە
ئېلېكترلەشكەن ئائىلە سايمانلىرىنىڭ
ئومۇملىشىشى ئاياللارنى ئېغىر ئائىلە ئەم-
گىكىدىن قۇتۇلدۇردى، ھۆسن تۈزەش
تېخنىكىسى ۋە پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ كەڭ-
كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى بىلەن ئۇلار پەرداز
قىلىش ۋە ياسىنىشقا ئەھمىيەت بېرىدى-
غان بولدى. ئاياللار ئۆزلىرىدىكى تۇغما
شۆھرەتپەرەس مىجەز تۈپەيلىدىن
باشقا ئەرلەرنىڭ ماختىشىنى ئاسانلا قوبۇل
قىلىدۇ، ئۇلار ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەر-
يانىدا تېخىمۇ كۆپ دوستلار، جۈملىدىن
ئەر دوستلار بىلەن تونۇشىدۇ، نەزەر دا-
ئىرىسى ئىلگىرىكىدىن كېڭەيگەن ئاياللار،
سېلىشتۇرۇش جەريانىدا ئېرىنىڭ ھەر
جەھەتتە باشقىلارغا يەتمەيدىغانلىقىنى
بايقايدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئەپسۇسلىنىش
ھېس قىلىدۇ، قىزلار نىكاھلانغاندىن كې-
يىن، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن
تەڭ يېتىلىپ بارىدۇ، مۇبادا ئۇلارنىڭ نىكاھ
تۇرمۇشى بەختلىك بولمىسا، ئىجتىمائىي
ئالاقە جەريانىدا ئوبدانراق ئەرلەرگە ئۇچراپ
قالسا ئۇنى ئاسانلىقچە قولىدىن كەتكۈزۈ-
ۋەتمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئۈچىنچى، قىزلار
لايىق تاللاشتا، كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ سىرتقى
قىياپىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەمما نىكاھلانغان
ئاياللار، ئەرلەرنىڭ تالانتى ۋە ئۇنىڭ
ئىجتىمائىي ئورنىغا قارايدۇ، ئۇلار مۇھەببەت
تاللاشتا رېئاللىقنى كۆزدە تۇتىدۇ ۋە ئەت-
راپلىق ئويلايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن
ئائىلىلەر، ئەرنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەي-
دىغانلىقىدىن بىزار بولۇش ۋە ياكى ئىق-
تىسادتىن قىسىلىش تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇپ
كېتىۋاتماقتا، ھالبۇكى، ماددىي جەھەتتىكى
ئېزىقتۇرۇشمۇ نۇرغۇن ئاياللارنى يولدىن
چىقارماقتا.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولى-
دۇكى، ئاياللارنىڭ نىكاھلانغاندىن كېيىن
تالاغا قاراپ قېلىشى ھەرگىزمۇ يالغۇز
سىرتنىڭ قىزىقتۇرۇشىدىنلا بولماستىن،
بەلكى ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئۆز-

گىرىشى مۇھىم رول ئوينايدۇ، كانادالىق بىر مەشھۇر پسىخولوگ خانىم، نىكاھلانغان دەسلەپكى مەزگىللەر ئاياللارنىڭ كاڭگىراش مەزگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئاياللار گەرچە ئۆز ئېرىدىن نارازى بولغان ۋە ئۆز ئېرىگە باشقىچە نىيەتتە بولغان تەقدىردىمۇ، نىكاھ مۇناسىۋىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالىۋېرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئەسلىدىكى ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ يېڭى رومانتىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلايدۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، ئائىلىق مەجبۇرىيىتى ۋە ھازىرقى ئائىلىۋى مۇناسىۋىتى ئۇلارنى يەنە رېئاللىققا قايتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

فرانسىيىلىك پسىخولوگ شىمىنا ئۆزى يازغان «ئايال دېگەن نېمە؟» دېگەن كىتابىدا ئاياللاردىكى كاڭگىراشنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلغان، ئۇ ئاياللارنىڭ تالاغا قاراش مەسىلىسى تامامەن جىنسىي ئىنتىلىشتىنلا بولمايدۇ، دەپ قارىغان. ئەرلەر شۇنى بىلىشى لازىمكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تالاغا قارىغان ئاياللار، ئەرلىرى ئۆزلىرى بىلەن سىرداشمىغانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ سۆزىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىمىغانلىقى، قوپال مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ھەمدە جىنسىي تۇرمۇشنى بىر خىل مېخانىكىلىق ۋەزىپە قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، روھىي دۇنياسىدىكى بوشلۇقنى سىرتتىن تولدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ، يولدىن ئازىدۇ.

شۇڭا ئەرلەر، خوتۇنۇم ماڭا سادىق بولسۇن دەيدىكەن، نىكاھلىنىشنى ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنىڭ ئاخىرقى چېكى قىلىۋالماسلىقى كېرەك. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىش ئىنتايىن مۇھىم، ئەر بولغۇچى نىكاھلانغاندىن كېيىنمۇ خوتۇنىغا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئېتىبار بىلەن قارىشى، ئائىلە تۇرمۇشىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ ئاياللارنىڭ شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى قاندۇرۇپ، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا سوغۇقچىلىق پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خوتۇنىغا ئەرنىڭ كەسپى ئوخشاشلا ئۇنىڭمۇ تۇرمۇش ئىستەكلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، شۇ ئارقىلىق خوتۇنىنى ئەرنىڭ خۇشاللىقى ۋە غەم - قايغۇسىغا تەڭ ئورتاقلىشىدىغان قىلىپ يېتەكلىشى لازىم، ئەگەر سىز خوتۇنىڭىزنىڭ ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ سىز بىلەن بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالىسىڭىز، ئاندىن ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەر بولالايسىز، ئەرلەر خوتۇنىنىڭ مېھرىبان بولۇشىنى ئارزۇ قىلغىنىدەك، ئاياللارمۇ ئېرىنىڭ كۆيۈمچان، مۇلايىم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەپسۇسكى خېلى كۆپ ئەرلەر بۇ جەھەتكە دىققەت قىلمايدۇ.

ئەرلەر شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، خوتۇنىنىڭ كاڭگىراش ھالىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە، بىز بىر - بىرىمىزگە ئاسىيلىق قىلىشنى ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىمىزگە ئىجىل ئىناق بولۇشنى ئارزۇ قىلىمىز، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەرلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ئەرلەرنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىش لازىمكى، تويدىن كېيىنمۇ خوتۇنلىرىڭىزنى ھامان سۆيگىنىم، دەپ قاراشنى ئۇنتۇماڭ، ئەگەر توي قىلىۋېلىپلا مۇھەببەتتە ياسىلغا يەتتىم، دەپ قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا خوتۇنۇڭىزنى ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزىڭىزدىن يىراقلاشتۇرۇپ تالاغا قاراشقا مەجبۇر قىلىپ قويىسىز، بىز ھەر بىر ئەرنىڭ مۇشۇ جەھەتكە ئىنتايىن دىققەت قىلىپ، نىكاھدا بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمىز.

ئا. قاسىموۋ تەرجىمىسى



# بەختلىك نىكاھ قەيەردىن كېلىدۇ

كىشىلەر نىكاھدا بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما رېئال تۇرمۇشتا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ھامان كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كەتمەيدۇ، بەزىلەر بەختسىزلىكىدىن نىكاھ ئىشىمدا نەس باستى، دەپ قاتتىق پۇشايمان يەيدۇ.

ئامېرىكىنىڭ پىسخىكا ئالىمى ئۇسبورن بۇخىل كۆز قاراشقا قوشۇلمىغان، ئۇ: دۇنيادا كامالەتكە يەتكەن نىكاھنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئەر بىلەن خوتۇن ئورتاق تىرىشسا، نىكاھدا بەختلىك بولغىلى بولىدۇ؛ بىر تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، شۇڭا، قارشى تەرەپتىنمۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك؛ ئەر-خوتۇنلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە بىر-بىرىنى ئۆلچىمەسلىكى ھەتتا قارشى تەرەپنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماسلىقى، بەلكى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى تەڭشەش، ئۆزئارا ماسلىشىش ئارقىلىق نىكاھدا بەختلىك بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك؛ ئەر-خوتۇنلار ئۇزۇن يىل بىللە ياشىغاچقا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي، چۈنكى ئەر-خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى، مىجەزى، ئېھتىياجى، نىشانى، غەرىزى شۇنىڭدەك ھېسسىيات جەھەتتىكى ئىنكاسى ئوخشاش بولمىغاچقا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇشتىن ساقلانماق تەس؛ ئەمما ئەر-خوتۇن ئىككى تەرەپ ئورتاق تىرىشسىلا نىكاھدا بەختلىك بولالايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە، ئاياللار گەرچە ئىككى تاكامۇل بولمىغان ئادەمنىڭ بىرلىشىشى بىلەن قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ بەختلىك بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا چىن كۆڭلىدىن بەختلىك بولۇشنى خىيال قىلىدۇ. ھالبۇكى ئەرلەر باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىقتىدارلىق، پايدىلىق، ئىشەنچلىك ئادەم دەپ قارىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار سەممىمىي مۇئامىلە ۋە چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببەتكە نائىل بولۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىدە ياخشى كەيپىياتنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا ئەر ۋە خوتۇننىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان، ئىككى تەرەپ ئىدىيە ھەم ھېسسىيات جەھەتتىن ئوبدان پىكىر ئالماشتۇرمىغاندا، زىددىيەت پەيدا بولىدۇ. ئىناقسىزلىق ئەھۋاللىرىنىڭ ھەممىسىنى پىسخىكىلىق داۋالاش ئارقىلىق تۈگەتكىلى، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. ئەمما، نىكاھدىكى ئىناقسىزلىق ئىناقلىققا قاراپ ئۆزگىرىش جەريانىدا چوقۇم: مەن زورلۇق بىلەن ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قىستىماي، بەلكى ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك؛ مېنىڭ ئۆزگەرگىنىمگە قاراپ ئۇمۇ ئۆزگىرىدۇ، دەيدىغان قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش كېرەك.

ئۇسبۇرن ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات، زېھىن ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى پەرقلەرنى چۈشىنىش — ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسى، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ تەھلىل قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئەڭ كۈچلۈك تەلىپى — بەختەرلىك، مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى بولۇپ، ئادەتتە ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا تەسەۋۋۇرغا باي كېلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى ۋە ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا موھتاج بولىدۇ. ئاياللار ئائىلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇلاردا، ئەرنىڭ ئائىلىگە سەل قارىشىنى خوتۇنىنى تاشلىۋەتكەنلىك، دەپ ھېساپلايدۇ. ئەرلەر، بىر تەرەپتىن، خوتۇنلىرىنىڭ قىزغىن، مېھرى ـ مۇھەببەتلىك، مەسئۇلىيەتچان، سەممىي، تەبىئىي، زېرەك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭمۇ قەيسەر، كۈچلۈك، قابىلىيەتلىك بولۇشتەك ئوبرازىنى ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ شۇنداقلا خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەشنى خالىمايدۇ، ئاياللاردا «كېلىماكتېرىيە دەۋرى» بولغانغا ئوخشاشلا ئەرلەردىمۇ «كېلىماكتېرىيە دەۋرى» بولىدۇ، مۇشۇ دەۋردە، ئەرلەردە، فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى پسىخولوگىيىلىك جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولىدۇ، مەسىلەن، خوتۇنى ئېرىنىڭ باش كۆتۈرمەي ئىشلىگىنىدىن زېرىكىپ كوتۇلداۋەرسە ئېرى ئەكسىچە خىزمەتكە تېخىمۇ بېرىلىپ كېتىدۇ، مۇشۇ مەزگىلدە، ئۇلار ئۆزىنى «چۈشەنگەن» باشقا ئاياللارنىڭ دوستلۇقى، ھېسداشلىقىنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ، كۆپ چاغلاردا ئەرلەر كۆڭلىدە خوتۇنىنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا قارشى بولمىسىمۇ، ئەمما مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنىڭ قەيسەر، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە، مۇستەقىل ئەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ.

ئۇسبۇرن، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزىدىغان ئامىللارنى تېپىپ چىقىپ كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئوبراز بويىچە قارشى تەرەپكە تەلەپ قويۇش ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەپ تونۇيدۇ. مەسىلەن، ئېرىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىق دادىسىغا سېلىشتۇرۇش، خوتۇنىنى ئۆزىنىڭ چىۋەر ھەم چاققان ئانىسىغا سېلىشتۇرۇش قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا خوتۇنىنىڭ كەيپى ياخشى ئەمەس چاغلاردا، ئېرىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلىۋېتىشتەك ئەھۋاللارمۇ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللاردۇر. بۇ توسقۇلار مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، نىكاھ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ: نېمىنى ئويلاۋاتقىنىڭنى، نېمە قىلماقچى بولغىنىڭنى ماڭا ئېيت، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ساڭا ياردەم قىلىمەن، ئەگەر ياردەم قىلالمىسام سەۋەبىنى ساڭا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرىمەن. ئىمكان قەدەر سېنىڭ تەلىپىڭنى قاندۇرىمەن، دېيىشلا زىددىيەت چوقۇم ھەل بولىدۇ.

ئۇسبۇرنىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا، قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى سەمىمىيلىك بىلەن تەرىپلەش ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدىكەن. بۇ خۇددى شېكسپىرنىڭ: «باشقىلارنى تەرىپلەش ئۇنىڭغا مۇكاپات بەرگەن بىلەن باراۋەر» دېگىنىگە ئوخشايدۇ. ئۇ يەنە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۆزئارا ئىدىيە، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشىمۇ ئۇلارنىڭ نىكاھدا بەختلىك بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىل، ئىككى تەرەپ

# سوۋېت ئىتتىپاقى ئاياللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى



سوۋېت ئىتتىپاقى ئاياللارنى كەمسىتىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرنى ئەڭ بۇرۇن بىكار قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، ئەر - ئايال گىراژدانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا تەربىيىلىنىش، پروفېسسورلۇققا كۆتۈرۈلۈش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. خىزمەت، جەمئىيەت، سىياسىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەردىكى تۆھپىسىگە قاراپ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئالاھىدە ئەمگەك مۇھاپىزىتى تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىققان. ئاساسىي قانۇندىكى بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئەمەلىيلىشىشى زادى قانچىلىك بولدى؟

ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 146 مىليون ئايال بولۇپ، بۇلار پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 53.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 92% ئايال خىزمەت قىلىدۇ ياكى ئوقۇيدۇ. ئاياللار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان بىر قىسىم چەت ئەللىك مېھمانلار «سوۋېت ئىتتىپاقىدا، ئاياللارنىڭ خىزمەت قىلىشى ئائىلىنىڭ كىرىمگە موھتاج بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك» دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىـ

---

سەممىيلىك بىلەن ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ مۇڭداشقاندىلا ئاندىن زىددىيەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇسبۇرن يەنە نىكاھدا بەختلىك بولۇشنى ئارزۇلاۋاتقان ئەر - خوتۇنلارغا: مۇھەببەت ھېسسىيات بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ھەرىكەت بىلەنمۇ ئىپادىلىنىشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىدۇ. مۇھەببەت تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى يەنى: بىر - بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىش، بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش، ياقتۇرمايدىغان تەرەپلىرىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ھەم ئەيىبلەشلەردىن ساقلىنىش، قارشى تەرەپنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش، قارشى تەرەپنى ئەپۇ قىلىش، جېدەل - ماجىرا قىلماسلىق، دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئەر - خوتۇن ئىككىلا تەرەپ شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، قارشى تەرەپتىن باشتىن - ئاخىر مېنىڭ ھالىمغا يەتكىن، ئەتراپلىق ئويلان، داۋلى چۈشەنگىن، ھەمىدە مەڭگۈ، بوشاشماي ھەسرەت چەكمەي ئۆتكىن، دېگەننى ئۈمىد قىلىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق تەلەپ قويۇلسا ئاخىرىدا ئۆزى ئۈمىدسىزلىنىپ قالىدۇ، مۇھەببەتنى تولۇق چۈشىنەلىگەن، قارشى تەرەپكە مېھرى - شەپقەت ئاتا قىلالىغان ئادەملا، ئاندىن مۇھەببەتكە نائىل بولالايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ لەززىتىنى تېتىيالايدۇ.

تەھرىر بۆلۈمى رەتلىگەن

ھاقنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورغۇن تارماقلىرىدا ئەمگەك كۈچى كەمچىل. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن، ئاياللار خىزمەتكە قاتنىشىشقا موھتاج بولغان. ئەلۋەتتە ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجلارنىمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. لېكىن سىز ھەرقانداق بىر سوۋېتلىك ئايالدىن، ئەگەر ئېرىڭىز ئىككىڭلار بىرلىكتە ئالغان مائاشتىن كۆپ مائاش ئالسا، سىز يەنە خىزمەت قىلىشنى خالامسىز؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇ ئايالنىڭ سەككىزى خىزمەت قىلىمەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. خىزمەتتىكى ئاياللار مەيلى جەمئىيەتتە ياكى ئائىلىدە بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. كۆپ ساندىكى ئاياللار ماشىنا باشقۇرۇش تېخنىكىلىرىنى، مېخانىكىلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىلىرىنى ئىگىلىۋالدى. ئىشچىلار ئىچىدە، ئاپتوماتلاشقان ماشىنىلارنى باشقۇرىدىغان ئاياللار 40 پىرسەنتتىن كۆپرەكنى، ئاپتوماتلاشقان لىنىيىلەردە ئىشلەيدىغان ئاياللار 67 پىرسەنتنى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرىدىغان ئاياللار 90 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاياللار ھەر خىل ئەدلىيە ئورۇنلىرىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. خەلق سوت ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئاياللار 3745 نەپەر بولۇپ، سوۋېت خەلق سوت ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقانلار سانىنىڭ 36.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سوتتىكى خەلق سوراق مەسلىھەتچىلىرى ئىچىدە ئاياللار يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ (1984 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغان).

سوۋېت ئىتتىپاقى ئاياللىرى يەنە دوختۇرلۇق ۋە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپلىرىدە ئالاھىدە نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئاياللار ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى، مەدەنىيەت، سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ يەتتىدىن ئۈچ قىسمىنى، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. نەچچە يۈز مىڭلىغان ئەمگەكچى ئاياللار ماشىنا ياساش سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، قۇۋۋەت ئىنشائاتى سانائىتى، توك ئېنېرگىيىسى سانائىتى شۇنىڭدەك دۆلەت پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان ئورۇنلاردا خىزمەت قىلماقتا.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئاياللارنىڭ ئېغىر شۇنداقلا بەدەنگە زىيانلىق بولغان خىزمەتلەرنى ئىشلىشىنى چەكلەيدۇ. بۇلار، قارا ۋە رەڭلىك مېتال، خىمىيە، قاتناش، بىناكارلىق، قۇراشتۇرۇش قاتارلىق 500 خىلغا يېقىن كەسپلەر بولۇپ كان ئىشچىسى، تاۋلاش ئىشچىسى، ئۇزۇن يوللۇق ماشىنا شوپۇرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاياللارنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆلچەشتە ئاساس قىلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەرقانداق گراژدان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيىسىنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلىدۇ. ھۆكۈمەت ئاياللارنىڭ ھەرقانداق مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىشىغا چەك قويمايدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 53 پىرسەنتىنى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردە 58 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بەزى كەسپلەردە قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1928 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلىرىدا ساۋاتسىز ئاياللار ئىككى پىرسەنتنى ئىگىلىسە، 30 - يىلغا كەلگەندە ئاياللار ئىچىدە ساۋاتسىزلىق پۈتۈنلەي تۈگىتىلگەن. 1939 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە قازاق مىللىتى ئىچىدە مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان ئاياللار 50 ھەسسە كۆپەيگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاياللار ئۈچ ھەسسە كۆپەيدى. نۇرغۇن ئاياللار ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئالەم بىئولوگىيىسى، ماتېماتىكا، فىزىكا، جانلىقلار ئىرسىيەت ئىلمى، سىمسىز رادىئو قۇرۇلۇش ئىلمى قاتارلىق تەتقىقات ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئايال ئىلىم-پەن خادىملىرى ۋە ئايال دوكتۇرلار 1950-يىلدىكى 600 ئادەمدىن 1984-يىلى 5,600 ئادەمگە، مۇئاۋىن پەن-تېخنىكا دوكتۇرلىرى 11,400 ئادەمدىن 123,200 ئادەمگە، ئاكادېمىك ۋە پروفېسسورلار 500 ئادەمدىن 1983-يىلى 3,200 ئادەمگە كۆپەيدى.

پارتىيە ۋە ئىتتىپاق قوشۇنى ئىچىدە ئاياللارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يىلدىن يىلغا ئاشماقتا. 1920-يىلى ئايال پارتىيە ئەزالىرى پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 19 پىرسەنتىنى، 1950-يىلغا كەلگەندە 19.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولسا، ھازىر 27 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن سوۋېت لېنىن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى قىزلار ئىگىلىدى.

رەھبەرلىك ئورنىدىكى ئاياللارنىڭ سانىمۇ يىلدىن يىلغا ئاشماقتا. ھازىر 500 مىڭ ئايال چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ كارخانا باشلىقى، قۇرۇلۇش ئورنى قوماندانى، ئىلىم-پەن ئورۇنلىرى ۋە باشقا ئورگان، دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىمەكتە. 26 مىڭ ئايال دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا رەھبەرلىك قىلماقتا. يەنە كۆپلىگەن ئاياللار دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە. ئالىي سوۋېت سايلانغان 492 نەپەر ۋەكىل ئىچىدە ئاياللار 32.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاددىي ئەمگەكچى ئاياللاردۇر.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، ئاياللار 55 ياشتا (ئەرلەردىن بەش يىل بۇرۇن) پېنسىيىگە چىقىپ پېنسىيە پۇلىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. نۇرغۇن جايلار ۋە ئورگانلاردا، ئاياللارغا ئارتۇق دەم ئېلىش كۈنى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئاياللارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلىشى ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىتلار يارىتىپ بېرىلدى.

ھۆكۈمەت تۇغۇتتىن بۇرۇن ياكى كېيىن خىزمەتتىكى ئاياللارغا بىر مەزگىللىكچە مائاشىنى تولۇق بېرىدۇ ھەمدە بالىسى بىر ياشقا كىرگىچە خىزمەتكە قاتناشماي بالىسىغا قاراشقا يول قويىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇلارغا مائاشىنىڭ بىر قىسمى بېرىلىدۇ. 1981-يىلىدىن 1985-يىلغىچە ھۆكۈمەتنىڭ ئانا-بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ۋە ئائىلىلەر ئۈچۈن تارقىتىپ بەرگەن ياردەم پۇلى 100 مىليون رۇبلىدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئاياللار تۇغقاندىن باشلاپ ئۆز ئۆيىگە يېقىن جايلاردىكى ئاياللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھۆكۈمەت ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ قالايمىقانلىشىشى، يۈرەك قان تومۇرى ۋە باشقا كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن بالدۇر تۇغۇپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان ئاياللار ئۈچۈن، مەخسۇس كېسەلخانا ۋە ساناتورىيىلەرنى تەسىس قىلغانلىقتىن، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئانىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئون بالا تۇغقان ئايال «قەھرىمان ئانا» مېدالىغا ئېرىشىدۇ.

ئايالLarنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئۇلارنىڭ خىزمەتكە قاتنىشىش جەھەتتىكى پاراۋەر ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەنلا گەۋدىلىنىپ قالماستىن، يەنە ئائىلىدىكى ئورنىدا تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، ئەرلەر بىلەن ئاياللار تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە تەڭ ھوقۇققا ئىگە، ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئائىلىدىكى ئورتاق مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۈچتىن بىر قىسىم ئائىلىلەردە ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ كىرىمى ئوخشاش، ئۈچتىن بىر قىسىم ئايالLarنىڭ كىرىمى ئەرلەرنىڭكىدىن يۇقىرى ئىكەن. كۆپ ساندىكى ئائىلىلەردە ئاياللار «ئائىلىنىڭ خوجايىنى»لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن. يېرىمىدىن كۆپرەك ئائىلىلەردە، ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئائىلە ئەزالىرى بىرلىكتە ئورۇندايدىكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئەسلىھەلىرى ناھايىتى كۆپ. كۈنىگە 14 مىڭ بوۋاق تۇغۇلىدۇ. بالىلار باغچىلىرى ۋە يەسلىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. 1984 - يىلىدىلا 584 مىڭ بالىلار باغچىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ 216 مىڭى يېزىدا. نۆۋەتتە بۇ بالىلار باغچىلىرى ئېھتىياجنى تولۇق قاندۇرالمايۋاتىدۇ. شۇڭا ھۆكۈمەت 1986 - يىلى بالىلار باغچىسىنى ئۈچ مىليونغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى.

بالىلارنىڭ يەسلى خىراجىتى ئانىنىڭ مائاشىنىڭ پەقەت ئىككى پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. قالغان قىسمىنى دۆلەت ئۆزى كۆتۈرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەم ئېلىشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. 1983 - يىلى يازدا، 14 مىليوندىن كۆپ ئۆسمۈر 6800 خىل ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى ئوقۇغۇچىلار لاگېرىدا تەتىل كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى.

دۆلەت ھەقسىز مائارىپ، ھەقسىز داۋالاشنى يولغا قويۇشتىن سىرت، بالىلارنىڭ تەبىئىي تالانتى ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يەنە مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ سەنئەت، مۇزىكا ۋە تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنى، ئۆسمۈرلەر تەبىئىي پەنلەر سارىيىنى قۇردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا بالىلار كىتابلىرى نەشرىياتىدىن 70 ى بار. دۆلەت نەشر قىلغان كىتابلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بالىلار كىتابلىرى. بۇ كىتابلار چوڭلار كىتابلىرىدىن ئۈچ ھەسسە ئەرزان.

ئايلىق مائاش سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى، لېكىن بىردىنبىر مەنبە ئەمەس. ئۇ پەقەت ئائىلە ئەمەلىي كىرىمىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دۆلەت يولغا قويغان ھەقسىز مائارىپ، ھەقسىز داۋالىنىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇكاپات پۇلى، پېنسىيە پۇلى، ئائىلە ياردەم پۇلى قاتارلىقلار پۇقرالارنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنى ئاشۇردى. دۆلەتتىن بېرىلىدىغان ئىستېمال فوندى يىلدىن يىلغا ئېشىپ، 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 20% كۆپەيدى. تۆت نوپۇسلۇق ئائىلىلەرنى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ ئومۇملاشقان ئائىلە شەكلى) مىسالغا ئالغاندا بۇ خىل ئېتىبار بىلەن 1985 - 2000 رۇبلى كىرىمگە ئېرىشتى. بۇ، بىر يىللىق مائاش كىرىمى بىلەن تەڭلىشىپ قالدۇ.

**سەمى بارات، قەيسەر ئەخمەت تەرجىمىسى**

## «؟»

غەلىبە مۇھەممەت

يېزىپسەن: «مۇپتىلا ئەتتىڭ پىراققا، بىر نىگاھ تاشلاپ،
يوقاتتىم دىل ئارامىمنى كۆزۈم كۆرگەن مىنۇت باشلاپ.
يۈرەككە كەتتى ئوت لەيلى، نېسىپ بولمىسا گەر ۋەسلىڭ،
كېزىپ دەشتلەرنى مەجنۇندەك، ئۆتەرمەن كۆزلىرىم ياشلاپ.»

پىراق دەردى يامان، ھاكىدىن يېنىشقا ئىختىيار بەرمەس،
ئىشق مەستلىكىدە ئاشىق ئۆلۈمنى ھەم تەرك ئەتمەس.
نىگاھ تاشلاش بىلەن لاپ قىپ يۈرەكىڭگە تۇتاشقان ئوت،
سامانىڭ نەرقىدە ئۆچسە، كېتەمسەن يۈز ئۆرۈپ تاشلاپ؟

كۆڭۈلنى مەست قىلىپ لەۋزىڭ، مۇھەببەت بەزمىسى قۇرسام،
ئېزىلسام ئارزۇ دەشتىدە كى ئاتەش بوپ يېنىپ تۇرسام.
بولۇپ پەيغان قەسەمنامەڭ يۈرەكنى لەختە قان قىلساڭ،
تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈپ قانچە قالامدىم گەددىنىم قاشلاپ؟!

## سەرگەردان سۆيگۈ

قۇندۇز مۇھەممەت

ئۇنىڭ سۆيگۈسى گويا بىر دەپتەر،
ھەر بىر بېتىدە بىر ساھىبجامال.
خالىسا ئاچار يەنە يېڭى بەت،
خالىمسا گەر يىرتىدۇ دەرھال.

«بېلىقتەك ئۈزۈپ ئوينايمەن» دەيدۇ،
ئۆزگىنى دەريا ئەمەس، كۆز يېشى.
غەرق بولغاندا مىنىڭ قېتىم توۋا،
دېسە ئاڭلارغا چىقارمۇ كىشى!

## «مەن»

سەلىمۇ «مەن» دېسەڭ، مەنمۇ «مەن» دېسەم،
يۈرسەك تېرىقتەك چېچىلىپ ھەر يان.
يولۋاس، شىر تۇرماق ياۋاش توخۇمۇ،
تۇگېتەر يەپلا بىلىپ يۇمشاق دان.

## قىزلار كۆڭلى ئەمەك ئەمەس يىگىتلەر

دولقۇن روزى

قىزلار كۆڭلى ئەمەك ئەمەس يىگىتلەر،
قولۇپلاڭلار ساختا ۋىجدان قەسىرىنى.
ھەۋەس ئۈچۈن چەيلەنمىسۇن، چېچەكلەر،
قەدىرلەڭلەر غۇبارسىز قىز قەلبىنى.

قار چوقلىرى ياشاڭغىراپ قالمىسۇن،
ئۆرتەلمىسۇن يۈرەكلىرى بىھۇدە.
نازۇك دىلغا ھىجران خەنجەر سالمىسۇن،
خارلانمىسۇن قىلغان چوڭقۇر ئەقىدە.

ئانىلارنى ئويلىغاندەك ئوبلاڭلار،
تاڭلا ئەتە ئۇلار ئانا ئەمەسمۇ؟
ئوماق سىڭىل ھەم مەسۇمە ئاچاڭلار،
تەقدىرىگە ئوشبۇ قىسمەت كەلمەسمۇ؟

## ئىسىت دەيمەن

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

كۆڭلى قارا دۆتلۈك مېنى، قىلدى ۋەيران ئىسىت دەيمەن،
ئاچكۆزلىكىم، بىخۇدلىقىم قىلدى سەرسان، ئىسىت دەيمەن.
كۆزلىرىمدىن ياش ئورنىغا تامماقتا قان، ئىسىت دەيمەن،
تېنىم پۈتۈن، ئىچىم تۈتۈن، ھالىم يامان، ئىسىت دەيمەن،
ئۆزۈمدە بار ھەممە گۇناھ ئەيىب نۇقسان، ئىسىت دەيمەن.

مەن باشلىغان يولدا ماڭغان، يېتىلمىسەم كاسسىر ئىرىم،
باي بولۇشقا ئەپچىل چارە تاپتىم، تۆكمەي تامچە تەرىم.
قازان-چۆمۈچ مايغا تولدى، كىرىشەرگەچ تەييار كىرىم،
يالتىرلىغان ئالتۇن زۇننار، زىبۇ-زىننەت ھەممە يېرىم،
تانالمىدىم، سىرىم بۈگۈن بولدى ئايان، ئىسىت دەيمەن.

نەچچە ساندۇق كىيىم يىغدىم، ئالغىنىمچە كۆزۈم تويماي،
مودا قوغلاپ، كۆز كۆرگەننى ئېلىۋەردىم چالا قويماي.
ئۆيلىرىمنى شۇنچە كاتتا بېزىسەممۇ كۆڭلۈم تولماي،
توسسا ئىرىم قىلغىنىمدىن بەزى چۆچۈپ ئاخىر بولماي،
قۇلاق سالماي بولغىنىمغا ئۆزۈم بەگ-خان، ئىسىت دەيمەن.

دېگىنىمگە كۆنسە كۆككە ئۇچۇردۇممەن ئۇنى داڭلاپ،
قورقسا قورقماس بولدى، قىلسام ياغلىما گەپ سۆزنى ئاڭلاپ.
ئاڭلىمىسا تەتۈر باقتىم، قېيىمدىدىم، كەتتىم يامانلاپ،
كېڭەشمىدىم، سۆڭەك تۇرۇپ قېلىش چاغنى ئاسان چاغلاپ،
بىكار ئەمدى قانچە چەكسەم ھەسرەت-پىغان ئىسىت دەيمەن.

كېلىپ قالدى سىڭىپ كەتكەن بۇ پۇللارنى قۇسۇش ۋاقتى،
بەر جاۋاب، دەپ پۇل ئىگىسى قىستاپ كېلىپ ئىشىك قاقتى.
پۇت-قولىمدا جان يوق، رەڭگى سامان ئىرىم ماڭا باقتى،
نە ئىلاجىم ئىشىشىپ تۇردۇم بولۇپ ئەمدى بىر ھاڭۋاقتى،
ئۆز قولۇمچە نابۇت قىلدىم سېلىپ زىيان ئىسىت دەيمەن.

گۇناھىمنى يۇيار جايغا كەتتى ئىرىمنى ئېلىپ،
ئالتە بالا بىلەن قالدىم، بويۇن قىسىپ، بېشىم سېلىپ.
غادايغانتىم نەچچە ۋاقىتتىن، مەن ئۆزۈمنى يوغان بىلىپ،
ئەمدى سىلار، تۆۋەن چۈشكەن بۇ بېشىمنى كىممۇ كېلىپ،
ئىبرەت ئېلىڭ دوستلار مەندىن، يەپ پۇشايمان ئىسىت دەيمەن.



# ئاپشۇرۇلمىغان خەتلەر

(ھېكايە)

ئابدىكېرىم ئابدىمەجىت دولانى

مەن كەچلىك تامىقىمنى يەپ بولۇپ، كۆرۈشمىگىلى بىرقانچە كۈن بولغان ئاغىنەم ئارازنىڭ قېشىغا بېرىپ كەلمەكچى بولدۇم. تالادا ئاپئاق قار چېچەكلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى، ئاي، يول بويىدىكى چىراغلار زېمىننى يوپيورۇق يورۇتۇۋەتكەنىدى. مەن پەلتۇرۇمنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئاستا قەدەملەر بىلەن كېتىپ بارىمەن، ئايىغىم ئاستىدىكى قار غىچ-غىچ ئاۋاز چىقىرىپ قويىدۇ، مېنىڭ خىيالىم ئاغىنەم ئارازغا مەركەزلەشكەن. چۈنكى بۇ ئاغىنىمىزنىڭ يېشى يىگىرمە بەشتىن ھالقىغان بىلەن ئۆز بەختىنى قانداقتۇر بىر غايىۋى گۈزەلدىن ئىزدەمدۇ ئىشقىلىپ خېلى كېلىشكەن، ئەدەبلىك قىزلارنى تونۇشتۇرماقچى بولغانلارغىمۇ ھەرخىل باھانە سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمايتتى، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئۇچۇن يول ماڭغانلارنىڭ بەزىسى ئۇ، ئۇمۇرۋايەت بويتاق ئۆتسە بولغۇدەك، خوتۇندىن قورقىدىغان ئوخشايدۇ دېسە، يەنە بەزىسى: ئاراز بىر قىزغا كۆيۈپ قاپتۇ، شۇڭا باشقىلارغا ئۇنىمايدىكەن، دەيتتى. بويتاقلار بىناسى ئىككى قەۋەت بولۇپ كىچىلىك سىمېنىدا ئىشلەيدىغانلار بىلەن بويتاقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىنادا تۇراتتى. ئارازنىڭ ياتىقىغا قارىسام چىراغ يېنىق، «ئۆيدە بار ئىكەن» دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ ئىشىكنى چەكتىم.

ئۆينىڭ ئىچىدىن «كىم» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئارازنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئاقۇت ياتاققا كىرگەندە، ئاراز كىتاب كۆرۈۋاتقانىكەن. ئۇ قولىدىكى كىتابىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— ئەجەب ئوبدان كەپسەن، شۇنداق زېرىكىپ ئولتۇراتتىم،— دېدى خۇشال بولۇپ.

— مىجەزىڭ قانداقراق، تىنچ تۇرغانسەن؟

— تىنچلىق.

— ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرغىچە بىزنىڭ ئۆيلەرگە بارساڭ بولمامدۇ؟

— سەن كەلدىڭ، ئوخشاشقۇ، يۇقىرىغا ئۆت.

ئۇ مېنى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدى. ئارازنىڭ ياتىقى بويتاقلارغا خاس ئىككى كارىۋات، بىر شىرە، بىر كىتاب ئىشكاپى بىلەنلا بېزەلگەنىدى. مەن كارىۋاتتا ئولتۇردۇم.

— پەلتۇنى سېلىۋېتىپ، ئازادە ئولتۇر، بۈگۈن ئىككىمىز قانغۇچە پاراڭلىشىۋال-

مىز، كېلىنچەك خاپا بولمايدىغاندۇ؟ — ئۇنىڭ ئاخىرقى سوئالى چاقچاق ئىدى.

— خاپا بولمايدۇ. خاپا بولسا كۆڭلىنى ئېلىۋالىمىز، — دېدىم مەنمۇ چاقچاق قىلىپ.

— ئۇنداقتا ياخشى، ئۇ شۇنداق دېدى-دە، تاتلىق-تۈرۈملارنى تىزغىلى تۇردى.

— ھەي ئاۋارە بولمىساڭچۇ؟ بۇ نەرسىلىرىڭنى قىزلار كەلگەندە تىز.

— قىزلارغىمۇ بار، چاي ئىچكەچ ئازراق تەخىر قىل، مەن غاچچىدە بىر تەخسە گۆش قورۇيمەن، پاراڭنى ئاندىن كېيىن باشلايمىز، — دېدى، ئۇ.

— بۈگۈن كېچە ياشايدىكەنمىز-دە.

— نۇرغۇن گەپلىرىم بار، دەپ بېرەرمەن.

مەن بىر تال پاپىرۇس ئېلىپ تۇتاشتۇردۇم. ئۇزۇنغا قالماي بىر تەخسە گۆش سەي تەييار بولدى.

— قايسىسىدىن ئىچىمىز؟ — ئۇ كارىۋات ئاستىدىكى ھەر خىل هاراقلارنى كۆرسەتتى.

— ئېلىنىڭكىنى!

ئۇ ئېلى ئالىي سورتلۇق هارىقىدىن بىرنى ئالدى، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىر رۇمكا قۇيدى-دە: «سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن» دەپ ئىچىۋەتتى، مەنمۇ ئوخشاشلا ئۇسۇل بىلەن ئىچىۋەتتىم، رۇمكا بىرنەچچە قېتىم ئايلاندى، پاراڭ كۆپەيدى، پارىڭىمىز زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدىن باشلىنىپ، دۇنيا ۋەزىيىتىگە، ئاخىرى تۇرمۇشقا كۆچتى، مەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي:

— ئاغىنە قاچانغىچە يۈرىسەن؟ — دېدىم.

— يۈرۈپ باقمىدۇق، — دېدى ئۇ.

— ئەمدى يۈرۈۋېرىشكە بولماس، بىرەرسىنىڭ پېشىنى تۇتمىدىڭمۇ؟

— پېشىنى تۇتقۇزمايدىغاندەك قىلىدۇ.

— گەپ قىلدىڭمۇ؟

— ياق.

— گەپ قىلماي تۇرۇپ قانداق بىلىسەن؟

— ئۇ قىزنىڭ ئوبيېكتىسى باردەك قىلىدۇ.

— كىمكەن ئۇ؟

— سەن ئالدى بىلەن بۇ خەتلەرنى كۆرۈپ باق، — دېدى ئۇ خەتلەرنى ماڭا بېرىۋېتىپ. مەن ئارازىنىڭ قولىدىن خەتلەرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئايرىم كونۋېرتلارغا سېلىنغان، ئەمما تاپشۇرۇلمىغان بۇ خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

*　　　　　*

ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم سۆيۈپ قالغان گۈل، تۇيۇقسىز قولىڭىزغا تەگكەن بۇ خەتنى كۆرۈپ ھەيران قالماڭ.

گۈل، سىز بىلەن ئۆتكەن كۈنى كىنودىن بىللە كېلىۋېتىپ بىر گەپنى دەيمەن دەپ زادىلا ئېغىز ئاچالمىدىم، گۈل، زاۋۇتقا كەلگەن كۈنىڭىزدىن باشلاپ سىزنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. نېمە ئۈچۈنكى زادىلا خىيالىمدىن چىقمايسىز. گاھىدا قىلۋاتقان ئىشىمنى تاشلاپ قويۇپ سىزنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. سىزنىڭ ئوبرازىڭىز كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ. گۈل، سىز ئىشق مېھرىڭىز بىلەن قەلبىمنى رام قىلدىڭىز. بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىسەم مۇبالىغە قىلغان بولارمەن.

ئويقۇدىن، تاماقتىن قالدىم دېسەم يالغان دەپ ئىشەنگۈڭىز كەلمەيدۇ، قىسمەن

ھاكاۋۇر قىزلار يىگىتلەرنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىنى ئىشەنمەسلىك بىلەن نابۇت قىلىۋاتىدۇ، مەنمۇ سىزنى ئۇنداقلاردىن دەپ ھېسابلىمايمەن، شۇڭا كېيىملى تۈزلا دېدىم. سىزنى ياخشى كۆرۈش بىلەن جىمجىت، خاتىرجەم تۇرمۇشۇم بۇزۇلدى. بۇلى كىمدىن كۆرسەم بولار؟

گۈل، مېنىڭ يۈرۈگۈمدە يالقۇنلۇق بىر ئوت كۆيمەكتە، ئىچ-ئىچىمدىن كۆيۈۋاتقان بۇ ئوت يوشۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى.

مېنىڭ سەممىي مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن سىز بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىللە بولۇشنى خالايمەن.

گۈل، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بىردىنبىر ئەندىشە مۇھەببىتىمنى رەت قىلارمۇ دېگەندىن ئىبارەت. رەت قىلىشقا توغرا كەلسە رەت قىلىۋېرىڭ، مەن بەرداشلىق بېرەلەيمەن. ئەمما سىزنىڭ ھەرقانداق ئىشقا توغرا قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز تەربىيە كۆرگەن، شۇڭا مېنى مازاق قىلمايدۇ دەپ ئويلايمەن، شۇ سەۋەبتىن ناھايىتى زور جۈرئەت بىلەن بۇ خەتنى يازدىم، ئەگەر بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىسىڭىز مەن ئەيىبلىك ئەمەس.

جاۋابىڭىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمەن.

1980-يىل 10-ئاي، ئاراز.

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئارازدىن ئىسمىنى تولۇق يازماي گۈل دەپ يېزىپسەن، قايسى گۈل ئۇ؟ زاۋۇتنىڭ ئۆزىدىلا بىرنەچچە گۈل بارغۇ، دەپ سورىدىم، ئاراز ماڭا ئالدىمدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ئىشارەت قىلدى، مەن ئىچىۋەتتىم.

— سەن ئۇنى بىلىسەن، زاۋۇتتىكى گۈللەرنىڭ بىرسى، خەتنىڭ مەخپىيىتىنى كۆزلەپ گۈل دەپلا يازغان. قېنى ئىككىنچى خەتنىمۇ ئوقۇ، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ھاراق قۇيۇۋېتىپ.

مەن ئىككىنچى خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

* *

گۈل سىز مېنىڭ قەلبىمنى چۈشەنمەمدىغانسىز؟ مېنىڭ سىزگە بولغان سەممىي، پاك مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلارسىزمۇ؟ مەن بىرىنچى پارچە خېتىمنى سىزگە بېرىشكە تەمشەلگەن بولساممۇ، لېكىن دەككە-دۈككە، زىددىيەتلىك خىياللار، ئىنتىلىش، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىككە ئوخشاش ھېسسىياتلار تۈپەيلىدىن بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. سىزنىڭ ئېغىر بېسىقلىقىڭىز مېنى مۇشۇ دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويدى. گۈل مەن دەسلەپتە سىزگە يىراقتىن نەزەر سالدىم، ئەھۋالنى كۆزەتتىم، يىگىتلەر بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، جىمغۇرلىشىپ قالىدىكەن، شۇ قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىكەن، ئەمما ئۇ قىزنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىكەن، ھازىر مېنىڭدە شۇنداق ھالەت بار، بۇ خىل ھالەت پەقەت سىزنى كۆرگەندىلا پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ تا ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ باقمىدىم، باشقا قىزلارمۇ مېنىڭ قەلبىمدە سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇرالمىغان بولسا كېرەك.

قىسمەن قىزلار، ئۆز ھېسسىياتىنى ھەرىكىتى، سۆزى ئارقىلىق ئەگىتىپ ئىزھار قىلغان بولسىمۇ، بىلمەسكە سېلىپ، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ يۈرۈۋەرگەنىدىم. ئەمدى ئەھۋال ئۆزگەردى. مانا بۈگۈن سىزگە ئىككىنچى پارچە خېتىمنى يېزىۋاتىمەن.

گۈل، مېنىڭ بۇ خەتلىرىمنى كۆرۈپ سوغۇق كۈلەرسىزمۇ، ئوقۇپلا تاشلاپ قويارسىزمۇ ياكى مېنىڭ يۈرۈكۈمدە قوزغالغان يالقۇنلۇق مۇھەببەتكە ئوخشاش مۇھەببەت بىلەن جاۋاب بېرەرسىزمۇ؟

لېكىن شۇنىمۇ دەپ قوياي، بۇ ئىشتا سىزنىڭ خالىغىنىڭىزچە بولسۇن، مېنى ياخشى كۆرمىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، لېكىن مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ يۈرۈكۈمنىڭ ئاۋازى. سىزگە سالامەتلىك تىلەپ:

جاۋابىڭىزنى كۈتكۈچىدىن.

80-يىل 10-ئاي

مەن ئىككىنچى خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنىڭغا:

— مۇھەببەت سەندە ھەقىقىي ھېسسىيات ئويغىتىپتۇ، — دېدىم.

— راست مۇھەببەت مېنىڭدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ھېسسىياتنى ئويغاتتى، — دېدى ئۇ قاشلىرىنى يىمىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى.

— سېنىڭ بۇنداق خەتلەرنى يېزىپ يۈرگىنىڭنى قارشى تەرەپ ئۇقامدۇ؟ ئەگەر ئۇقمىغان بولسا، سېنى ياخشى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ساڭا بىلدۈرمەيدۇ-دە.

— دېگىنىڭ توغرا، ئەمدى ئۈچىنچى خەتنىمۇ ئوقۇغىن.

مەن ئۈچىنچى خەتنى ئوقۇشقا كىرىشتىم.

* *

ھەي گۈل، مەن چىن يۈرۈكۈمدىن ياخشى كۆرگەن گۈل، ئەمدى سىزگە نېمىلەرنى دېسەم بولىدىكىن، زاۋۇتنىڭ تەجرىبىخانىسى، ئاشخانىسى ئالدىدا باشقىلارغا مەن يولۇقتۇرماق تەس بولغان بىر خىل قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭىز نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ سىز مېنى كۆرۈپ قوي دېمەكچىمۇ؟ مەن گەپ قىلسام شۇنداق سىلىق، سىپايە بولۇۋالىسىز، ھېلىقى ئاغىنىمنىڭ ئۆيدىكى ئەينەك ئاستىغا ئېلىنغان بوغدا كۆلى بويىدا چۈشكەن رەسىمىڭلار زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇنداق خورلۇققا قويمىسىڭىز بولاتتى. ياخشى كۆرۈپ قېلىش گۇناھ ئەمەسقۇ؟ سىز مېنىڭ قەلبىمنى بىلىشنى خالىمايدىغان ئوخشايسىز! نېمىشقا ماڭىمۇ شۇنداق قىزغىن مۇئامىلىدە بولمايسىز؟ بوپتۇ، بۇ سۆزنى ئۆزۈملا بىلىپ قالاي. ھېلىمۇ ياخشى خەتلىرىمنى بەرمەپتىكەنمەن. سىزنىمۇ كۆرۈپ باقارمىز، مەن تارتىۋاتقان ئازابنى خۇدا بىر كۈنى سىزگىمۇ سالار.

خەير.

1980-يىلى 11-ئاي

— بەللى-بەللى، بۇ نېمە گەپ، ئۇ قىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ سۆزلىشى سېنىڭ ئالدىڭدا سىپايە بولۇۋېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ھەي ئاغىنەم، بۇ پۈتكەن ئىشكەن، خەتلىرىڭنى ماڭىلا بەرگىن، ئازابلانما، خاتىرجەم بول. ئىچە ھارىقىڭنى، ئىشىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئىچ. ئۇ ھارىقنى ئىچتى، مەنمۇ ئاخىرقى بىر رومكىنى ئىچىپ بولۇپ، خەتنى يانچۇقۇمغا سېلىپ ئازارنىڭ ياتىقىدىن چىقتىم، كېچە سائەت 12 بولغانىدى، مەن ناھايىتى زور ئىشەنچ بىلەن يۈرۈپ كەتتىم.



# رەزىل پوچتالىيون

تاگور (ھىندىستان)

سىز نېمىشقا ئۇ يەردە ئۈن-تىنسىز ئولتۇرىسىز، ئېيتىڭا قەدىرلىك ئاپا؟

دېرىزىدىن كىرگەن يامغۇر تامچىلىرى ئۇستىبېشىڭىزنى ھۆل قىلىۋەتسىمۇ پەرۋا قىلمايسىزغۇ؟

سائەت تۆتكە داڭ ئۇرغىنىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ بۇ دەل ئاكام مەكتەپتىن قايتىپ كېلىدىغان چاغ ئەمەسمۇ؟

زادى نېمە بولدى ئاپا؟ چىرايىڭىز باشقىچىلىغۇ؟

بۈگۈن دادامدىن خەت كەلمىدىما؟ مەن پوچتالىيوننىڭ سومكىسىدىن نۇرغۇن خەتلەرنى ئېلىپ بازاردىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك بىر پارچىدىن بەرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ پەقەت دادامنىڭ خېتىنىلا ئۆزى ئوقۇغىلى ئېلىپ قالدى. مەن پوچتالىيوننىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىگە تولۇق ئىشەندىم.

بىراق سىز بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ قەدىرلىك ئاپا، ئەتە بۇ يەرنىڭ بازار كۈنى، سىز دەدەككە قەغەز-قەلەم ئەكەلدۈرۈڭ، مەن دادام يازماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى يازىمەن. سىز مېنىڭ خېتىمدىن ئازراقمۇ خاتالىق تاپالمايسىز، مەن بارلىق ھەرپىنى تولۇق يېزىپ چىقىمەن.

خەت يازالايدىغانلىقىمغا ئىشەنمەمسىز؟ مەن كۆڭۈل قويۇپ سىزىق سىزىۋېلىپ ئاندىن ھەممە ھەرپىنى بۇ سىزىقلار ئىچىگە ھەم چوڭ، ھەم چىرايلىق قىلىپ يېزىپ چىقىمەن.

سىز مېنى خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن خۇددى ئەخمەق دادىسىغا ئوخشاش ھېلىقى قورقۇنچاق پوچتاساندۇقىغا سالىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. مەن خەتنى سىزگە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن، ھەم بىر-بىرلەپ ئۆزۈم ئوقۇپ بېرىمەن. مەن ھېلىقى پوچتالىيوننىڭ ياخشى خەتنى سىزگە ئەكىلىپ بەرمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.

---

تاگور بۇ ھېكايىدا بالىلار تىلى ئارقىلىق ئۇستىلىق بىلەن چوڭلار تراگېدىيىسىنى يەنى ئېرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بىر ئايالنىڭ تراگېدىيىسىنى بايان قىلىدۇ. بۇ دۇفۇنىڭ شېئىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك: «يىراقتا تۇرۇپ سېغىنىمەن بالامنى، بىراق بالام چۈشەنمەس مىسكىن كۆڭلۈمنى» بولماستىن بەلكى بالا كۆزىتىش ئارقىلىق ئانىسىنى چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قايغۇسىنى يەڭگىللىتىدىغان چارە تاپىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئانىنى كۈلۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

تۇرسۇنگۈل تەرجىمىسى

# قانداق قىلغاندا قېيىن ئانا بىلەن كېلىننىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ

تەھرىر ھەدە:

ئالدى بىلەن بىزنىڭ يۈز كۆرۈشمىگەن سىرداشلاردىن بولۇپ قېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

يېشىم ئوتتۇزدىن ئاشتى. بۇ كۈنلەر ئاسانغا چۈشمىدى. ئۆز ئۆزۈمگە يامان ئەمەس ئۆتتۈم دەپ تەسەللى بېرىمەن. شەھەردە قېلىپ ئىش كۈتۈپ ياتتىم، توختاملىق ئىشچى، ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئون نەچچە خىل ئىشنى ئىشلىدىم، كېيىن كىشىلەر قىزىقىدىغان مەدەنىيەت يۇرتىغا دەرىجە ئاتلاپ ئىشقا قوبۇل قىلىندىم. بىراق، ھازىر ئىنتايىن پەرىشان ھالدا يۈرۈۋاتىمەن.

ئىلگىرى ئۆزۈمنى ياخشى بالا، ياخشى ئوقۇتقۇچى، ياخشى قىز، ياخشى ئىشچى... دەپ قاراپ كەلگەنىدىم، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ «ياخشى» دېگەن نامنى ئۇزۇن مۇددەت قولدىن بەرمەيمەن دەپ ئىشەنچىمۇ باغلىغانىدىم، بىراق يېقىندىن بېرى ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىشقا مەجبۇر بولدۇم، قېيىن ئانامنىڭ نەزەرىدە، ياخشى كېلىن بولالماي قالدىم. گەرچە ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشقان بولساممۇ، ھامان مەقسەتكە يېتەلمىدىم. بۇ ھال مېنىڭدە قارشى روھىي ھالەتنى پەيدا قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن قېيىن ئانامغا پىسەنت قىلمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكىدەكلا مۇناسىۋەت قىلىپ ئۆتىدىغان بولدۇم.

تەھرىر ھەدە، قېيىن ئانا بىلەن كېلىننىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىش شۇنچە تەسمۇ؟ مەن ئۇ ئىنتراپ قىلىدىغان ياخشى كېلىن بولالامسەنمۇ؟

ئۈرۈمچىدىن: شاراپەت

شاراپەت: قېيىن ئانا بىلەن كېلىننىڭ مۇناسىۋىتى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان كونا گەپ. بۇنى ياخشى ھەل قىلالماسلىقتا، «دەۋر» قارىشى ئوخشاش بولماسلىقتىن باشقا، ھەرقانداق قېيىن ئانا ئاغزىدىن چىقىرىشنى خالىمايدىغان ئەڭ توپ سەۋەب شۇكى، كېلىننىڭ ئوغلىنى تارتىۋېلىشىغا ئانا چىدىيالمايدۇ.

شۇڭا، قېيىن ئانىنى رازى قىلىش ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتىكى ئىشلار — ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ياكى ئۇنىڭغا ئۇنى-بۇنى ئېلىپ بېرىش جەھەتتە باش قاتۇرماسلىق كېرەك. بۇ ئىشلارنى ھەرقانچە ئىشلىسىمۇ، توپ مەسىلە ھەل بولمايدۇ. نەتىجىدە قېيىن ئانىمۇ رازى بولمايدۇ، كېلىنمۇ ئاغرىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ياخشى كېلىن، بىرىنچىدىن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېرىنىڭ قېيىن ئانا بىلەن ئايرىم بىللە بولۇشى، پاراڭلىشىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىشى، ئانا-بالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، قېيىن ئانىغا ھۆرمەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشى، ئۇنىڭ پاراڭلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، باللىرىغا مومىسىغا ھۆرمەت قىلىش توغرى-

# تارقىلىشچان مېڭە-يۇلۇن پەردە ياللۇغى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش

ئەمىنە ئوسمان

تارقىلىشچان مېڭە-يۇلۇن پەردە ياللۇغى، مېڭە پەردە ياللۇغى قوش شار باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان يىرىڭلىق مېڭە پەردە ياللۇغىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ كېسەللىك ھەممە پەسىللەردە بولۇپمۇ قىشنىڭ ئاخىرى، ئەتىياز پەسلىنىڭ بېشىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل باكتېرىيە ئادەتتە تارقىلىشچان مېڭە-يۇلۇن پەردە ياللۇغى بىلەن ئاغرىغان كېسەلنىڭ بۇرۇن، كېكىردەك قىسىملىرىدا، قاندا، مېڭە سۇيۇقلۇقىدا بولىدۇ. كېسەل ئادەم ۋە باكتېرىيە ئېلىپ يۈرگۈچى ساق ئادەملەر كېسەلنىڭ ئاساسلىق يۇقۇش مەنبەسى بولىدۇ. باكتېرىيە كېسەل ئادەم ياكى باكتېرىيە ئېلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ يۆتىلىشى، چۈشكۈرۈشى بىلەن ھاۋاغا ئۆتۈپ ئاندىن يەنە نەپەس يولى شىللىق پەردىلىرىگە كىرىپ كۆپىيىپ كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە يۇقىرىقى نەپەس يولى يۇقۇملىنىشىنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈلۈپ، كېسەل بالا يۆتىلىدۇ، چۈشكۈرىدۇ، ئازراق قىزىيدۇ، بۇرۇنىدىن سۇ ئاقىدۇ، كېكىردەكلىرى قىزىرىپ قالىدۇ. كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتى، باكتېرىيىنىڭ زەھەركۈچى ۋە ئادەم بەدىنىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. كېسەللىك، يۇقىرىقى نەپەس يوللىرىنىڭ يۇقۇملىنىشى ياكى باكتېرىيىلىك قان بۇلغىنىش دەۋرىدە توختاپ قالسا، تىپىك مېڭە ياللۇغىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئاز ساندىكى كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىز بالىلاردا باكتېرىيە نەپەس يولى شىللىق پەردىلىرى ئارقىلىق كۆپىيىپ، قانغا ئۆتۈپ، قان ئارقىلىق مېڭە-يۇلۇن پەردىسىگە بېرىپ، مېڭە-يۇلۇن پەردە ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇشۇ چاغدا تۆۋەندىكىدەك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، كېسەل ئۆتكۈر باشلىنىدۇ. قىزىتمىسى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ،

---

...سىدا تەربىيە بېرىشى كېرەك. ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ۋاقتى بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇلى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ياكى ئۇنىڭغا مېنى تاشلىۋەتتى دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، بالىلارنى مومىسىغا ھەمراھ قىلىپ قويۇش كېرەك.

قىسقىسى، ئىش قىلىش، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەككە كاپالەتلىك قىلىشتىن باشقا، ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىش، ئۇنىڭدا يالغۇز قالغانلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ قويماسلىق، مەن بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالدىم دەيدىغان ھېسسىياتنى تۇغدۇرۇپ قويماسلىق، قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا بىرى بالىنى، بىرى ئەرنى ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇنىدىغان ئەھۋالنى پەيدا قىلىپ قويماسلىق لازىم.

مېنىڭچە، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئەرنى قېيىن ئانىنىڭ رايىغا بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا قېيىن ئانا بىلەن كېلىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىدۇ.

تەھرىر ھەيئىتىدىن

قۇسىدۇ، يېشى چوڭراق بالىلار بېشىم، پۈتۈن بەدىنىم ۋە بوغۇملىرىم ئاغرىيدۇ دەپ زارلىنىدۇ، تولغىلايدۇ. كېسەل بالىنىڭ چىرايى تاتىرىپ ھەتتا كۆكىرىپ كېتىدۇ، كەيپىياتى تۆۋەن بولىدۇ. گەپ سورىسا جاۋاب بېرىشنى خالىمايدۇ. كېسەللىك باشلىنىپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن بەدەنلىرىدە قان چېكىتلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇ چېكىتلەر تاغاق، جەينەك، كۆكرەك قىسمىدا كۆپ بولىدۇ. بەزىدە ئۇلار ئۆزئارا بىرلىشىپ قىزغۇچ سۆسۈن ياكى يالپاق-يالپاق سۆسۈن داغلارغا ئايلىنىپ، بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا پۈتۈن بەدەننى قاپلاپ كېتىدۇ. بۇ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېسەل بالىنىڭ بوينى قاتىدۇ، كېسەل ئېغىرلاشقانسېرى قۇسۇش قېتىم سانى كۆپىيىپ، فونتانسىمان قۇسىدۇ، ئۇيقۇدىن كۆزنى ئاچالمايدۇ، قايتا-قايتا تارتىشىپ ھوشىنى يوقىتىدۇ.

تارقىلىشچان مېڭە-يۇلۇن پەردە ياللۇغى كېسىلىنىڭ باشلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ناھايىتى تېز بولۇپ، 24 سائەت ئىچىدىلا كېسەلنىڭ پۇت-قوللىرى مۇزلاپ، قان بېسىمى تۆۋەنلەپ شوك بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلمىسا بالا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئادەتتە كېسەل بالىنىڭ يېشى، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، كېسەللىك بەلگىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كېسەل تارقىلىدىغان پەسىللەردە، كېسەللىك تارقالغان رايونلاردا تۇيۇقسىز قىزىتمىسى ئۆرلەپ، پۈتۈن بەدىنى تېلىپ ئاغرىش، بېشى ئاغرىش ياكى يەڭگىل دەرىجىدە تامىقى ئاغرىش، يۆتىلىش، بۇرۇندىن سۇ ئېقىش. دىمىقى پۈتۈش قاتارلىق ئۇستۇنكى نەپەس يوللىرى يۇقۇملىنىش بەلگىلىرى كۆرۈلگەنلەرنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، دىئاگنوزنى ئايرىپ، داۋالىتىش كېرەك. ۋاقتىدا داۋالاشنى چىڭ تۇتۇش بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشتا بەكمۇ چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

تارقىلىشچان مېڭە-يۇلۇن پەردە ياللۇغى گەرچە ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، مۇھىت، ئائىلە ۋە شەخسىي تازىلىققا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆي ھاۋاسىنى پات-پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، تارقىلىشچان مېڭە-يۇلۇن پەردە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، بولۇپمۇ كېسەللىك تارقىلىش مەزگىللىرىدە تازىلىقنى تەلتۆكۈس ياخشىلاپ، بالىلارنى ئىمكان قەدەر ئاممىۋى سورۇنلارغا ئاپارماسلىق، زۆرۈر تېپىلسا ماسكا تاقىۋېلىش لازىم.

2. ئالدىنى ئېلىش، ئەملەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. «سومورگوچى تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى ۋاكسىنىسى» ئالتە ئايلىقتىن يۇقىرى 15 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا ئەملەيدىغان ئۈنۈملۈك ۋاكسىنا. كېسەللىك تارقالغان رايونلاردا ئۇنى چوڭلارغىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

3. تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى بايقالغان ھامان ئۇنى دوكلات قىلىپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ۋاقتىدا داۋالاش، كېسەللىك تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

4. كېسەل بالىلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئايرىپ داۋالاش، ئايرىپ داۋالاش ۋاقتى يەتتە كۈندىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

5. بالىلارغا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇكۇللىرىنى ۋاقتىدا سالغۇزۇپ تۇرۇش لازىم.



# بوۋاقلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن باشلىنىدۇ

دۇنيادا بالىنىڭ ئەقىللىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايدىغان ئاتا-ئانا بولمىسا كېرەك. ئۇنداقتا بالىنىڭ ئەقىللىق بولۇش-بولماسلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچ زادى نەدە؟ ئەقىل — ئادەمنىڭ ئەقلىي سەۋىيىسىنى، ئەقلىي كۈچ بولسا چوڭ مېڭىنە ئومۇمىي ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى ئاساسلىق مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەقلىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى چوڭ مېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تەپەككۇرنى چېنىقتۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى ئانا قورسىقىدىكى ئوزۇقلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ياپونىيىلىك ئوزۇقلۇق مۇتەخەسسىسى فەن يېجېفۇ كۆپ يىللىق تەتقىقات ئارقىلىق مۇنداق خۇلاسىنى چىقارغان: مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ ئالدىنقى ئامىلنىڭ 80 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقى ئوزۇقلۇقتىن ھاسىل بولىدۇ. بالىلارنىڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاچقۇچ يېمەكلىكتۇر.

چوڭ مېڭە بىلەن ئادەم بەدىنىنىڭ باشقا ئەزالىرىنى سېلىشتۇرغاندا، چوڭ مېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەڭ بۇرۇن بولىدۇ. بوۋاق تۇغۇلغاندىلا مېڭە ھۈجەيرىسىنىڭ سانى يېتىلگەن ئادەملەرنىڭكىگە يېقىن بولىدۇ. تۇغۇلۇپ بىر-ئىككى يىل بولغىچە مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ سانى تۇراقلىشىپ بولىدۇ. شۇندىن كېيىن ھەجىمى چوڭىيىپ سانى كۆپەيمەيدۇ. ئوزۇقلۇق يېتىشمىسە، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ سانى نورمال سەۋىيىدىن تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. بۇ كېيىنكى كۈندە ئۇزۇن مۇددەتلىك تولۇقلاش قىيىن بولغان نۇقسانغا ئايلىنىدۇ. ئوزۇقلۇقنىڭ كېيىن قانداق كۈچەيتىلىشىدىن قەتئىينەزەر نېرۋا ھۈجەيرىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى تەس بولىدۇ. بۇ مېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا بالىنىڭ مېڭە ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا ئەقلىي كۈچىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنىڭ ئېنىقلىشىغا قارىغاندا: ھامىلدار ئاياللارنىڭ يېمەكلىكىدە ئاقسىل مىقدارى يېتىشمىسە، بۇنىڭ بوۋاقنىڭ زېھنىي كۈچىگە بولغان تەسىرى 3-ئەۋلادقا بارغاندا ئاندىن ئەسلىگە كېلىدىكەن. چەتئەل ۋە دۆلىتىمىزدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا خەۋەر قىلىنغان «ئەقىللىق بوۋاقلار» نىڭ ھەممىسى بېسىپ چۈشىدىغان چېچەنلىكىنىڭ سىرى زادى نەدە؟ ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى سۈپەتلىك تۇغۇش، ياخشى پەرۋىش قىلىش، ياخشى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەندىن سىرت، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ھامىلدار بولغاندىن كېيىن كۈنىگە ئۈچ

## ئاياللار كېسەللىكلىرىنى هورداپ داۋالاش

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە بەزى ئاياللار كېسەللىكلىرىنى هورداپ داۋالايدۇ. داۋالاشتا كېسەللىك ھالىتى، خاراكتېرىگە قاراپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ ياللۇغ قايتۇرۇش، قورۇش، قۇرۇتۇش، بوشىتىش، چىڭىتىش، قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە موزا، كاۋاۋىچىن، شاتارە، مىخ مارجان، كۆچىلا، زەنجىۋىل، ئانار پوستى، قىزىل گۈل، ھەسەل قاتارلىق دورا ماتېرىياللىرىدىن مۇۋاپىق ئېلىپ قاينىتىپ هوردىغاندا داس بوشلۇقى ياللۇغى، بالىياتقۇ ـ جىنسى يول ياللۇغى، تامچە قۇرت كېسىلى، سىرتقى جىنسىي ئەزا ئاق داغ كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاپ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

گۈلبەھرەم

## بالىلاردىكى كۆك يۆتەلنى داۋالاش

△ 15 گرام خاسىڭ مېغىزى، 1·5 گرام قىزىلگۈل، 15 گرام سوقۇلغان تاۋۇز ئۇرۇقى، 30 گرام ناۋاتنى قوشۇپ سۇدا قاينىتىپ چاي ئورنىدا ئىچكۈزۈش لازىم.

△ بىردانە ئۆردەك تۇخۇمىغا 30 گرام ناۋات بىلەن ئازراق سۇ قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش لازىم.

△ ئىككى دانە نەشپۈتنى پاكىزە يۇيۇپ، ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ، ئۇرۇقىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ھەربىرىنىڭ ئىچىگە بىر گرامدىن چاكاندا سېلىپ، نەشپۈتنى يىپ بىلەن مەھكەم باغلاپ، جىمبىلدا هورداپ پۇشۇرغاندىن كېيىن، چاكاندىنى ئېلىۋېتىپ ئەتىگەن ۋە كەچ بىردانىدىن يېگۈزۈش لازىم.

كېرەم توختى تەرجىمىسى

---

ۋاق تەركىبىدە ئاقسىل ۋە ۋىتامىن مول بولغان يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلانغاندىن سىرت يەنە شاپتۇل، نەشپۈت، شوخلا، تاۋۇز قاتارلىق يېڭى كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى تولۇقلاپ يېگەن. بوۋاقلارغا سۈت ئەمدۈرۈشتىن سىرت، بېلىق گۆشى، سۆڭەك شورپىسى، ئىككى ياشتىن ئاشقاندا يەنە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى تولۇقلاپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ ھەرخىل ئوزۇقلۇق ۋە ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلۇپ، دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقىللىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن كۈچلۈك ماددىي ئاساس يارىتىلغان. شۇڭا بالىلارنىڭ ئەقىللىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، ھامىلدارلىق دەۋرىدىن باشلاپ پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئاقسىل، سىنىك، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، ۋىتامىن قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. ئۇنداق بولماي ئوزۇقلۇق كەمچىل بولۇپ قالىدىكەن، بۇ مېڭە ھۈجەيرىلىرى سانىنىڭ ئارتىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ـ دە، ئەقلىي كۈچىنىڭ تەرەققىي قىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. شۇڭا كۈندە نورمال غىزالىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپ، تاماق تاللىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، چوڭ مېڭە ماددا ئالمىشىشىنىڭ ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك.

غېنى ھامۇت تەرجىمىسى

# جىنسىيەت مەسىلىسىنى سىرلىق قىلىپ قويماسلىق كېرەك

جىنسىيەت؟ — بۇ ئاتالغۇنى ئاڭلىغاندا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ كېتىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى ئەسلىدە ئەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل پائالىيەت. چۈنكى، ئىنسان جىنسىي تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلى. ئادەم چوڭ بولغاندا توي قىلىدۇ، جىنسىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ پەرزەنت كۆرىدۇ. كىشىلەر دائىم ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان بۇنداق ئىشنى قىلىشقا بولىدۇ-يۇ، تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

ئىنسانلارنىڭ جىنسىي پائالىيىتى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىنسانلار بۇنىڭدىن نەچچە يۈز مىڭ ھەتتا نەچچە مىليون يىللار ئىلگىرى توپ نىكاھلىنىپ ئارىلاش جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش دەۋرىدە ياشايتتى. ئاتا-ئانا، پەرزەنت، ئاكا-ئۇكا ۋە ھەدە-سىڭىللار ئوتتۇرىسىدا قالايمىقان جىنسىي ئالاقە بولۇپ تۇراتتى. لېكىن، ئىنسانلار ئۇزاق جەريانلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، پەيدىنپەي قان قېرىنداش ۋە باشقا تۇغقانلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىدىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ كۆپىنچە زەئىپ، ئاجىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقاپ، جىنسىي مۇناسىۋەتكە چەك قويىدىغان بولدى. جىنسىي مۇناسىۋەتكە چەك قويمىغان ئىرقلارنىڭ نەسىللىرى تەدرىجىي ھالدا دۇنيادىن قۇرىدى. ھازىرقى زامان كىشىلىرى جىنسىيەت مەسىلىسىنىڭ تەن سالامەتلىك، پىلانلىق تۇغۇت، سۆيەتلىك پەرزەنت كۆرۈش ۋە تەربىيىلەش، ئائىلە ئىناقلىقى، جەمئىيەت ئامانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتى. جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ بەختىگە مۇناسىۋەتلىك بۇنداق چوڭ ئىشنى نېمىشقا تەتقىق ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا بولمىسۇن؟

ئېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭغا يەنىلا فېئودالىزم ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى كاشىلا قىلماقتا. فېئودالىزم جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ نورمال ھېسسىياتى ۋە ئېھتىياجى بېسىمغا ئۇچرايتتى. سۆز بىلەن ھەرىكەت بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلەتتى. قىزلارنىڭ جىنسىي تەلىپىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئەرلەرگە قاراشمۇ «ئەدەبسىز»لىك ھېسابلىناتتى. ئەر-خوتۇنلارمۇ بىر-بىرىگە «كارىۋاتتا ئەر-خوتۇن، كارىۋاتتىن چۈشكەندە مېھمان» دەيدىغان قائىدە-يوسۇن بويىچە مۇئامىلە قىلىشاتتى. بەزىلەر جىنسىي تۇرمۇشنى پەسكەشلىك، سەت، ناپاك قىلىق دەپ قاراپ كەلگەن. بۇ ھەقتە لۇشۈن مۇنداق دېگەن: جانلىقلار ھامان قېرىش، ئۆلۈشتىن خالىي بولالمايدۇ. ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر خىل تەبىئىي سەزگۈ بولۇش كېرەك. ئۇ بولسىمۇ جىنسىي تەلەپ، جىنسىي تەلەپ بولغاندىلا جىنسىي ئالاقە بولىدۇ. جىنسىي ئالاقە بولغاندىلا كېيىنكى ئەۋلاد بولىدۇ ھايات داۋاملىشىدۇ. شۇڭا، ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ئالاقىنى ناپاكلىق

دېيىشكە بولمايدۇ.

بەزىلەر جىنسىيەت مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئاسانلا سىرلىق نەرسىلەر ۋە شەھۋانىيلىق يامراپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، جىنسىيەت ئىلمى بىلەن سىرلىق نەرسىلەر ۋە شەھۋانىيلىق تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مەقسىتى، شەكلى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىمۇ تامامەن ئوخشاش ئەمەس. جىنسىيەت ئىلمى كىشىلەرنى جىددىي، ئەستايىدىل، سەمىمىي پوزىتسىيە بىلەن تەربىيىلەپ، بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي يوللارنى ئىگىلىتىپ، ئالىيجاناب ھېسسىياتقا، ھاياجانلىنىشنى ئەقىل-ئىدراك بىلەن يېڭىشكە ئۆگىتىپ، جىنسىي تۇرمۇشنى ئىلمىي بولۇش تەلىپىگە ۋە سوتسىيالىستىك ئەخلاق تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر-خوتۇن ئىناق، كېيىنكى ئەۋلادلار ساغلام، جەمئىيەت تىنچ، ئىتتىپاق بولىدۇ. لېكىن سىرلىق نەرسىلەر، شەھۋانىيپەرەسلىك بولسا، كىشىلەرنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشنىلا مەقسەت قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن تەرەپلەر ئىلمىي قائىدىگە خىلاپ بولۇپ، كىشىلەرنى ئەقىل-ئىدراكتىن مەھرۇم قىلىدۇ. پەسكەش، چاكىنا ھەۋەسكە ئۆگىتىدۇ. جىنسىي تەلەپكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، جىنسىيەت ئىلمىنى ھەرگىز سىرلىق نەرسىلەر ۋە شەھۋانىيلىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغىلى بولمايدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەتتىن ئالغاندا، جىنسىيەت ئىلمىنى تەتقىق قىلىش ھەقىقەتەن بەك مۇھىم. ھازىر ياش-ئۆسمۈرلەر بالدۇر يېتىلىۋاتىدۇ. بالدۇر يېتىلىش نۇرغۇن جىنسىيەت مەسىلىلىرىنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىلەر يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا ئېرىشەلىگىنى يوق. جىنسىي تۇرمۇش ئىناق بولماسلىق تۈپەيلىدىن ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىدىغان ھەتتا ئائىلە بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۈنسېرى كۆپەيمەكتە. ھازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن جىنسىي ئىشلار جىنايەتچىلىرى ھەسسىلەپ ئېشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش-ئۆسمۈرلەر. بۇنىڭدىن سىرت يەنە نۇرغۇن ئەنئەنىۋى قاراشلار كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەپ كەلمەكتە. جىنسىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە نۇرغۇن نامۇۋاپىق ھەتتا چېكىدىن ئاشقان بىمەنە ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بۇلارنى تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇلار ھازىرقى جەمئىيەتتىكى جىنسىيەت مەسىلىسىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىر خىل پەننىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى دەۋرنىڭ شۇ خىل پەنگە بولغان ئېھتىياج دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. ھازىرقى دەۋر جىنسىيەت ئىلمىگە موھتاج. جەمئىيىتىمىز جىنسىيەت ئىلمىگە موھتاج. 60-يىللارنىڭ باشلىرىدىلا جۇئېنلەي زۇڭلى ئالاقىدار خادىملارغا جىنسىيەت تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، جىنسىيەت ئىلمىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنى ناچار ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىدىغان چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن ئىدى. ئۇ كېسىلى ئېغىرلاشقان 1975-يىلىمۇ بۇ خىزمەتنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىغا

كۆڭۈل بۆلدى. لېكىن ئۇ يىللاردا بۇ خىزمەت پەقەت جۈزئىيلىنىڭ ئارزۇسىلا بولۇپ قالغانىدى.

ناھايىتى روشەنكى، ئىدىيىمىزنى توغرا نەرسىلەر ئىگىلىمىسە خاتا نەرسىلەر ئىگىلەيدۇ. ئەگەر بىز ياش-ئۆسمۈرلەرگە جىنسىيەت مەسىلىسىنى سۆزلىمىسەك، جىنسىيەت تەربىيىسى بەرمىسەك ئۇ ھالدا ئۇلار بۇ توغرىلىق ئويلىمايدىغان بولامدۇ؟ ئۆگەنمەمدۇ؟ ياق! ئۇلار ئاستىرتىن سۆزلەيدۇ، خۇپىيانە ئۆگىنىدۇ. بۇنداق ئۆگەنگەندە يالغان-ياۋىداق سۆزلەر ئارىلىشىپ قالىدۇ. سېرىق، شەھۋانىيلىققا دائىر نەرسىلەر كاۋاك تېپىپ كىرىۋالىدۇ. ئەگەر ياش-ئۆسمۈرلەرگە ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ جىنسىيەت توغرىسىدىكى ساۋاتى ئېشىپ، جىنسىيەتنى سىرلىق دەپ قاراش تۇيغۇسى تۈگەيدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر جىنسىيەت ئىلمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جىنسىيەت — جىنسىيەت فىزىئولوگىيىسى، جىنسىيەت پسىخولوگىيىسى، جىنسىيەت ئېتىكىسى ۋە جىنسىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ. جىنسىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىر ۋە رولىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتى، ياش-ئۆسمۈرلەر تەربىيىسى، جىنسىيەت رولىنىڭ شەكىللىنىشى، جىنسىيەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، جىنسىي جىنايەت، جىنسىي ئەخلاق، پىلانلىق تۇغۇت، ياشانغانلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ مەسىلىلەرنى كۆپچىلىك بىلەن بىر-بىرلەپ مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق مۇھاكىمە قىلىشتىن مەقسەت ئائىلىلەرنى تېخىمۇ ئىناق، بەختلىك قىلىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنى تېخىمۇ ساغلام ئۆستۈرۈش، جەمئىيەتنى تېخىمۇ تىنچ، ئىتتىپاق قىلىشتىن ئىبارەت.

تەھرىر بۆلۈمىمىز رەتلىگەن

## كىتابخانىلار دىققىتىگە

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ بىخەستەلىكىدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ 8-سانىدا مۇختار داۋۇتنىڭ «كۆلۈڭلار قىزچاقلار» ماۋزۇلۇق شېئىرى ئادىل رەشىدىنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنىپ كەتكەن. يەنى 8-سان ئۈچۈن ئادىل رەشىدىنىڭ «مەدىرىستە» مۇختار داۋۇتنىڭ «كۆلۈڭلار قىزچاقلار» ماۋزۇلۇق شېئىرلىرى تەييارلانغان بولۇپ، ماشىنىكىدا ئۇرۇش جەريانىدا رەت تەرتىپى بويىچە ئالدى بىلەن ئادىل رەشىدىنىڭ شېئىرى ئۇرۇلۇپ، كەينىدىن مۇختار داۋۇتنىڭ شېئىرى ئۇرۇلغاندا ئاپتورنىڭ ئىسمى چۈشۈپ قالغان.

بەت ياساش جەريانىدا ئادىل رەشىدىنىڭ «مەدىرىستە» ماۋزۇلۇق شېئىرى بەتكە پاتماي قالدۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن مۇختار داۋۇتنىڭ «كۆلۈڭلار قىزچاقلار» ماۋزۇلۇق شېئىرى ئادىل رەشىدىنىڭ 2-شېئىرى دەپ تونۇلۇپ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئېلان قىلىنىپ كەتكەن. ژۇرنال چىققاندىن كېيىن، بىز بۇ ئەھۋالنى بايقاپ، ئورىگىناللارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق سەۋەنلىكنىڭ ئۆزىمىزدىن ئۆتكەنلىكىنى، بۇ ئىشتا ئىككى ئاپتورنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇختار داۋۇت ۋە ئادىل رەشىدىدىن ئەپۇ سورايمىز.

«شىنجاڭ ئاياللىرى» تەھرىر بۆلۈمى

# ئىززەت - ھۆرمىتىڭىزنى ساقلاي دېسىڭىز...



ئۆز سۆز - ھەرىكىتىڭىز، باشقىلارنىڭ سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىدا ئۈلگە بولىدىغانلىقىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

تۇرمۇش ۋە مۇئامىلىدە كىشىلەر ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. تۆۋەندە سىزگە بۇ ھەقتىكى بىرنەچچە تۈرلۈك ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى تونۇشتۇرىمىز. بۇ ئۇسۇل كىشىلەرگە سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ.

—ئۆزىڭىزنىڭ مەلۇم ئىشتىن نارازى بولغانلىقىڭىزنى ئىمكان قەدەر سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەرىكىتىڭىز بىلەن ئىپادىلەڭ. ئائىلىڭىزدىكىلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلمىسا سىز بۇنىڭغا پەقەت كايىپ قويۇپلا ئىشنى ئۆزىڭىز قىلسىڭىز، ئۇنداقتا ئەھۋال ئۆزگەرمەي يەنىلا شۇ پېتى داۋاملىشىدۇ. ئەگەر ئەخلەت تۆكۈش ئوغلىڭىزنىڭ ئىشى بولسا، لېكىن ئۇ بۇ ئىشنى داۋاملىق ئۇنتۇپ قالسا، سىز ئۇنىڭ سەمىگە پەقەت بىر قېتىم سېلىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ. ئەگەر سىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ يەنىلا ئەخلەتنى تۆكمىسە، ئۇ چاغدا سىز گەپ قىلمايلا ئەخلەتنى ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا تۆكۈپ قويۇڭ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ چوقۇم كارىۋىتى ئالدىدىكى ئەخلەتنى دەرھال تۆكۈۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇنى بىر قېتىم ئەدەبلەپ قويۇش، سىزنىڭ قايتا - قايتا سۆزلىگىنىڭىزدىن ياخشىراق ئۈنۈم بېرىدۇ.

— ئائىلىدە ئۆزىڭىز قىلىشنى خالىمىغان ياكى سىزنىڭ قىلىشىڭىزغا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى قىلماڭ، ئۆيىڭىزنى بىرنەچچە كۈن تازىلىماي، كىرنىمۇ يۇماي قانداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭ. ئەگەر ئىقتىسادىي شارائىتىڭىز يار بەرسە ئۆيىڭىزگە خىزمەتچى قويۇڭ ياكى ئائىلىڭىزدىكىلەرگە ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلسۇن، دەپ جاكارلاڭ.

— گەپ - سۆزىڭىز كەسكىن بولسۇن. ھەتتا ئادەتتىكى سورۇنلاردىمۇ شۇنداق قىلىڭ، مېھمانخانا كۈتكۈچىسى، پېردىكازچىك، ناتونۇش كىشىلەر، ئىش بېجىرگۈچى خادىم ۋە تاكسى شوپۇرىغىمۇ كەسكىن - كەسكىن سۆزلەڭ. ئۆكتەملەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، سىز قورقۇنچاقلىق قىلماي بۇ بىرىنچى قەدەمنى چوقۇم بېسىڭ.

— باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى تۆۋەن كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. مەسىلەن، مېنىڭ قولۇم-

دىن ھېچقانچە ئىش كەلمەيدۇ. كاللام ئۇنچە ئۆتكۈرمۇ ئەمەس، قانۇن جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۆزىڭىزنى چۈشۈرمەڭ، بۇنداق سۆزلەردىن باشقىلار سىزنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا بۇنداق يېتەرسىزلىكىڭىزدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاندا، ياكى بىرسى بىلەن ھېسابات قىلغاندا ئۆزىڭىزنىڭ ھېساباتنى ئانچە بىلمەيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتسىڭىز، ئۇنىڭغا ھېساباتتىن خاتا كەتسىمۇ سېزەلمەيدىغانلىقىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويىسىز.

— ئەگەر سىز بىرەر دەردمەن، چاتاقچى، مۇنازىرىچى، پوچى ياكى كىشىنى بىزار قىلىدىغان كىشىلەرگە يولۇقۇپ قالسىڭىز، ئۇنىڭغا سوغۇققانلىق بىلەن، ماڭا كاشىلا قىلدىڭىز، دەپ كەسكىن ئېيتىڭ، سىز قارشى تەرەپنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى قانچىكى ئېغىر بېسىق تۇتۇپ، گەپنى ئوچۇق - ئاشكارا قىلسىڭىز شۇنچە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرالايسىز.

— يۈرەكلىك ھالدا «بولمايدۇ» دېگەن سۆزنى قىلالايدىغان بولۇڭ. بۇ — دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئىنكار قىلىش سۆزىدۇر. «مىكى - مىكى...» سۆزلەرنى قىلماڭ، چۈنكى بۇنداق سۆزلەر باشقىلاردا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويىدۇ. كىشىلەر «مىكى - مىكى» بىلەن ئىشنى يوشۇرۇپ - يېرپۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلارنى ئەمەس، بەلكى «بولمايدۇ» ياكى «بولىدۇ» دەپ كەسكىن جاۋاب بېرىدىغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىشنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەندە ھەقىقىي ئەھۋال يوشۇرۇنۇپ قالىدۇ. ئەسلىدە ھەقىقىي ئەھۋالغا ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ھۆرمەت قىلىشىڭىز كېرەك.

— ئىش - ھەرىكىتىڭىزنىڭ كەسكىن بولۇشىدىن قىلچە ئۆكۈنمەڭ. باشقىلار ئالدىڭىزدا سىزدىن كۆڭلى ئازار يېگەن قىياپەتكە كىرىۋالسا ياكى سىزگە بىرەر نەرسە سوۋغا قىلسا ۋە ياكى زەھەردەك بىرەر ئېغىز سۆز بىلەن سىزگە سۆز ياندۇرسا، خاتالاشقان ئوخشايمەن دەپ ئەنسىرىمەڭ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، سىزگە زىيانكەشلىك قىلغان كىشىنىڭ ئەدىبىنى بەرسىڭىز، ئۇ ئالدىڭىزدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ. شۇڭا مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ. ئۆزىڭىزنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، دەل باشقىلارنىڭ سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىدا ئۆرنەك بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماڭ، ئەگەر سىز مۇشۇ سۆزنى تۇرمۇشىڭىزنىڭ پرىنسىپى قىلسىڭىز، ئۇنداقتا ئىززەت - ھۆرمىتىڭىز ۋە كىشىلىك قەدىر - قىممىتىڭىزنى قوغداپ، ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئۆز قولىڭىزدا تۇتالايسىز.

خەيرنىسا مامۇت تەرجىمىسى



# ئاسمان جىسىملىرى يەر شارىغا سوقۇلۇپ كېتەرمۇ

1937 - يىلى ھېمىس ناملىق بىر پلانېت سائىتىگە 30 مىڭ كىلومېتىر سۈرئەت بىلەن يەر شارىغا ناھايىتى يېقىن ئارىلىقتىن ئۆتكەن چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن يەر شارىنىڭ ئارىلىقى 780 مىڭ كىلومېتىر قالغانىدى. بۇ چاغدا كىشىلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ كەتكەن. ئالىملار، ناۋادا ھېمىس يەر شارىغا سوقۇلىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ئېنېرگىيە بىر مىليون تونىنا ئېغىرلىقتىكى بومبىدىن چىقىدىغان ئېنېرگىيىنىڭ 100 مىڭ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، ۋەھالەنكى ھېمىسنىڭ دىئامېتىرى بىر كىلومېتىر. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئون ھەسسە چوڭلۇقتىكى، پلانېت يەر شارى بىلەن سوقۇلۇشىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، يەر شارىغا تېخىمۇ زور ئاپەت كەلتۈرىدۇ، دەپ مۆلچەرلىگەن.

ئەمەلىيەتتە، يەر شارى بىلەن سوقۇلۇشقان ئاسمان جىسىملىرىنىڭ يەر شارىغا قالدۇرغان ئىزلىرىدىن ھازىرغىچە ئىسپاتلانغىنى يۈزدەك كېلىدۇ. تارىختا، يەر شارى كۆپ قېتىم باشقا ئاسمان جىسىملىرى بىلەن سوقۇلۇشقان. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 300 مىليون يىل ئىلگىرى، بىر ئاسمان جىسمى بۈگۈنكى چىكاگونىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئۇزۇنلۇقى 109 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە كەڭلىكى 13 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆچ ئويمانلىق ئىزىنى قالدۇرغان.

بەزى ئالىملار ھەتتا مۇنداق تونۇشقا كەلگەن: يەر شارىنىڭ ھازىرقى شەكلىمۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ سوقۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 65 مىليون يىل ئىلگىرى، توققۇز كىلومېتىردىن 16 كىلومېتىرغىچە كېلىدىغان غايەت زور ئاسمان جىسمى يەرشارىغا سوقۇلۇپ، يەر شارىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. سوقۇلۇشتىن كېيىن، قاتتىق يەر تەۋرەپ، دېڭىزلار تېشىپ يانار تاغلار پارتلاپ، ئورمانلارغا ئوت كەتكەن، چاڭ - توزان ۋە ئۇششاق تاشلار ئاتموسفېرا قاتلىمىدا تۇرۇپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتو سىنتېزى توختاپ قالغان. دىنوزاۋىر (كۆكلۈك) قاتارلىق كۆپ مىڭلىغان جانلىقلار يوقالغان.

1980 - يىلى ئامېرىكا دۆلەت ئاۋىئاتسىيە ۋە ئالەم ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى دىنوزاۋىرلارنىڭ نەسلى قۇرۇش نەزەرىيىسىنى مۇھاكىمە قىلغانىدا، كەلگۈسىدە مۇشۇ خىلدىكى سوقۇلۇشلار سەۋەبلىك ئىنسانلارنىڭمۇ نەسلى قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. شۇڭا، ئالىملار: دىئامېتىرى بىر ئىنگىلىز مىلى ئۆپچۆرىسىدىكى پلانېتنىڭ يەر شارىغا سوقۇلۇش خەۋپى بولغاندا يادرو بومبىسىنى شۇ پلانېتنىڭ يېنىغا ئېتىپ پارتلىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ نىشانىنى ئۆزگەرتىۋېتىش چارىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقتا. ئەمما گېئولوگ شۇمېيكېر پارتلاش قۇۋۋىتى ھېمىس بىلەن تەڭ بولغان ئاسمان جىسىملىرىنىڭ يەر شارى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىش ئېھتى-

# ئادەم بەدىنى 24 سائەتتە

ئادەم بەدىنى بىئولوگىيىلىك سائىتىنىڭ 24 سائەت ئىچىدىكى ئىپادىسىنى بىلمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكىلەرگە قاراپ بېقىڭ.

كېچە سائەت بىردە: سىزنىڭ ئۇخلىغىنىڭىزغا ئىككى سائەتچە بولغان بولىدۇ، سىز ئاسانلا ئويغىنىپ كېتىدىغان يېنىك ئۇيقۇ باسقۇچىغا كىرىسىز. بۇ چاغدا، سىزنىڭ ئاغرىقنى سېزىش سەزگۈرلۈكىڭىز ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ، شۇڭا يېمەكلىكلەرنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن قورسىقىڭىز ئاغرىسا دەل مۇشۇ چاغدا ئويغىنىپ كېتىسىز.

سائەت ئىككىدە: جىگەردىن باشقا ئىچكى ئەزالارنىڭ خىزمەت قىلىش رىتىمى ناھايىتى ئاستىلىشىپ كېتىدۇ.

سائەت ئۈچتە: پۈتۈن بەدەن دەم ئالىدۇ، مۇسكۇللار پۈتۈنلەي بوشايدۇ، قان بېسىمى تۆۋەنلەيدۇ، تومۇرنىڭ سوقۇشى ۋە نەپەس ئېلىش سانى كۈندۈزدىكىدىن ئازلايدۇ.

سائەت تۆتتە: قان بېسىمى تېخىمۇ تۆۋەنلەيدۇ، مېڭىنىڭ قان بىلەن تەمىنلىنىش مىقدارى ئەڭ ئاز بولىدۇ. شۇڭا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار كۆپ ۋاقىتلاردا مۇشۇ چاغدا ئۆلىدۇ، ئەزالارنىڭ خىزمەت قىلىش رىتىمى ناھايىتى ئاستا، ئەمما ئاڭلاش سېزىمى ناھايىتى ئۆتكۈرلىشىپ كېتىدۇ.

سائەت بەشتە: بۆرەك ئاجراتمىلارنى چىقارمايدۇ، مۇشۇ چاغدا ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىز روھىي كەيپىياتىڭىز تېتىك بىرلىدۇ.

سائەت ئالتىدە: قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ، يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېزلىشىدۇ.

سائەت يەتتىدە: ئادەم بەدىنىنىڭ ئىممۇنىتېت پائالىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، ئەگەر مۇشۇ چاغدا ئادەم ۋىرۇس ياكى كېسەل باكتېرىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ ئاسانلىقچە كېسەل يۇقمايدۇ.

سائەت سەككىزدە: جىگەردىكى زەھەرلىك ماددىلارنىڭ ھەممىسى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مۇشۇ چاغدا ھەرگىزمۇ ھاراق ئىچمىشكە بولمايدۇ، ئەگەر ھاراق ئىچسىڭىز جىگەرگە ناھايىتى زور زىيان يەتكۈزىدۇ.

سائەت توققۇزدا: ئادەمنىڭ روھىي كەيپىياتى بەك ئۈستۈن، ئاغرىققا بولغان سېزىمچانلىقى بەك ئاجىز بولىدۇ، يۈرەك

---

ماللىقى 100 مىڭ يىل ئىچىدە بىر قېتىملا يۈز بېرىشى مۇمكىن، دېگەن.

ئاسمان جىسىملىرىنىڭ يەر شارىغا يېتىپ كېلىشىنى ئۈممىد قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. چۈنكى، كەلگۈسىدە نەزەر سالغۇچىلار دىئامېتىرى بىر ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان ھەم ئالىي سورتلۇق نىكېل ۋە تۆمۈر رودىسى بار ئاسمان جىسىملىرى بىزگە تۆت مىڭ مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىگە تەڭ بايلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بەزى لەيلەپ يۈرگەن ئاسمان جىسىملىرىدا نىكېل بىلەن تۆمۈردىن باشقا يەنە مول ئالتۇن ۋە پىلاتىنا رودىسى بار بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. ھازىر غەربتىكى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى يەر شارىنىڭ بۇنداق كۈتۈلمىگەن مېھمىنىنى قارشى ئېلىشقا پائال تەييارلىق كۆرمەكتە.

تۇرسۇن ئەھەت تەرجىمىسى

ۋە جىگەر ياخشى ئىشلەيدۇ.

سائەت ئوندا: ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، زېھنى كۈچى شۇ بىر كۈن ئىچىدە ئەڭ مەركەزلەشكەن بولىدۇ، مۇشۇ چاغدا ئادەم خىزمەتنى ئەڭ ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ.

سائەت 11 دە: يۈرەك تازا ئىشلەيدۇ، ئادەم هارغىنلىق هېس قىلمايدۇ.

سائەت 12 دە: پۈتۈن بەدەن ئومۇمى سەپەرۋەرلىككە كەلگەن ۋاقىت بولۇپ، بۇ چاغدا ئەڭ ياخشىسى چۈشلۈك تاماقنى بىر سائەت كېچىكتۈرۈپ يېيىش لازىم.

سائەت 13 دە: جىگەر دەم ئېلىش باسقۇچىغا كىرىدۇ، قىسمەن گلىكوگېنلار قانغا ئارىلىشىدۇ، ئەتىگەنكى يېرىم كۈنلۈك ئەڭ ياخشى خىزمەت قىلىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ، ئادەم هارغىنلىق هېس قىلىدۇ، بەدەن دەم ئېلىشقا موهتاج بولىدۇ.

سائەت 14 دە: بۇ چاغ بەدەننىڭ 24 سائەت ئىچىدىكى ئەڭ پاسسىپلاشقان ۋاقتى بولىدۇ، ئىنكاس گاللىشىدۇ، بەزىدە مېڭە پەقەتلا ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

سائەت 15 دە: ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالار ئەڭ سەزگۈر بولىدۇ، بولۇپمۇ تەم بىلەن پۇراش سەزگۈسى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ.

سائەت 16 دە: قاندىكى شېكەر ماددىسى كۆپىيىدۇ.

سائەت 17 دە: خىزمەت ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

سائەت 18 دە: ئاغرىشقا بولغان سەزگۈرلۈك باشقىدىن تۆۋەنلەيدۇ، روهىي پائالىيەت ئىقتىدارى سۇسلىشىدۇ، روهىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، هەرىكەت مىقدارىنى كۆپەيتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

سائەت 19 دا: قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ، روهىي كەيپىياتى تۇراقسىزلىشىدۇ، كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئوڭايلا تاكاللىشىپ قېلىش ئەهۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئىمكان قەدەر ئۆزىنى بېسىۋېلىش كېرەك.

سائەت 20 دە: بەدەن ئېغىرلىقى ئەڭ ئېغىر، ئىنكاس ئادەتتىكىدىن تېز بولىدۇ.

سائەت 21 دە: نېرۋا پائالىيىتى نورمال بولۇپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئاشىدۇ.

سائەت 22 دە: قاندىكى ئاق قان دانىچىلىرى تولۇقلىنىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەيدۇ.

سائەت 23 دە: ئادەم بەدىنى دەم ئېلىشقا تەييارلىنىدۇ، هۈجەيرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلىنىدۇ.

سائەت 24 دە: پۈتۈن بەدەندىكى مۇسكۇللار بوشايدۇ، هەرقايسى ئەزالارنىڭ پائالىيىتى ئاستىلىشىپ، تەدرىجىي هالدا ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

ئەركىن شېرىپ تەرجىمىسى

## سىناپ كۆرۈڭ

ئۇخلاشتىن ئىلگىرى، پۇت يۇيۇدىغان سۇغا ئازراق تۇز سېلىۋېتىپ پۇتنى يۇسا، ئۇخلاشقا پايدىسى بولىدۇ. شۇنداقلا پۇت تەرلەشنى داۋالىغىلى ۋە زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئاسىيە تەرجىمىسى



## ئېھرام ئىچىدە توڭلىتىلغان باشقا پلانېت ئادىمى

سىرلىق تۇيۇلغان مىسىر ئېھرامى توغرىسىدا ئەزەلدىن تۈرلۈك سۆز - چۆچەكلەر بولۇپ كەلدى. بەزىلەر ئۇنى قەدىمكى مىسىر پادىشاھىنىڭ قەبرىسى دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئەرشتىن كەلگەنلەرنىڭ باشقا ئالەم بوشلۇقىدىكىلەر بىلەن خەۋەرلىشىش پونكىتى دېگەن. ئەمما بىرمۇنچە ئارخېئولوگلار يېقىندا ئېھرام ئىچىدە باشقا پلانېت ئادىمى ياكى جانلىقى يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقاپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان.

ئارخېئولوگ پاۋۇل گاباي بىلەن باشقا مۇتەخەسسىسلەر يېقىندا مىسىردىكى ئېھرامنىڭ ئىچكى لايىھىلىنىش تېخنىكىسىنى مۇھاكىمە قىلىۋېتىپ، ئېھرام ئىچىدىكى مەخپىي ئۆيدە مۇز بىلەن قاپلانغان بىر جانلىقنىڭ بارلىقىنى تاسادىپىيلا بايقاپ قالغان. تەكشۈرۈش ئەسۋابى بۇ جانلىقنىڭ يۈرەك سوقۇش چاستوتىسى ۋە قان بېسىمىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئالىملار ساقلىنىۋاتقىنىغا بەش مىڭ يىل بولغان بۇ جانلىقنىڭ مۇز قاتلىمى تېگىدە تېخىچە ھايات تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇلار يەنە مەزكۇر ئېھرامنىڭ ئىچىدىن ئوبرازلىق يېزىقلار بىلەن خاتىرىلەنگەن ھۆججەتلەر توپلىمىنى بايقىغان. بۇ توپلامدا تەخمىنەن مىلادىدىن 5000 يىل ئىلگىرى بىر دانە ئاتالمىش «ئۇچار تۇلپار ھارۋىسى» ئاسماندىن قاھىرە ئەتراپىغا سوقۇلۇپ چۈشكەنلىكى ۋە «ھارۋا» ئىچىدىكىلەردىن بىر نەپىرى ھايات قالغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. توپلامدا ھېلىقى ھايات قالغۇچىنى «لايىھىلىگۈچى» دەپ ئاتىغان. ئارخېئولوگلار بۇ ئەرشتىن كەلگەنلەرنىڭ ئېھرامنى لايىھىلەپ قۇرغانلار ئىكەنلىكىگە، ئېھرامنى ئەرشتىكى ھەمراھلىرىنىڭ كېلىپ قۇتقۇزۇشىغا ئۇۋتۇرۇش قىلىدىغان بەلگە قىلغانلىقىغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېلىقى ئەرشتىن كەلگەن ئادەمنىڭ بۇنچىلىك مەزمۇت ھەم ئېرىپ كەتمەيدىغان مۇز چاسسىنى قانداق ياساپ، ئۆزىنى قانداق قىلىپ مۇز ئىچىگە يوشۇرغانلىقىنى زادى چۈشىنەلمەي قالغان.

ھازىر، ئارخېئولوگلار ئاكتىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مەزكۇر جانلىقنى ئويغىتىشنىڭ ئامالىنى قىلماقتا. ناۋادا ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ قالسا، ئالەم بوشلۇقىنىڭ سىرى ئېچىلغۇسى.

تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى

## بىر قىزنىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيۈپ كۈل بولۇشى

يېقىندا فرانسىيىدە مالى. ماس ئىسىملىك بىر قىز ئوقۇغۇچى ئۆزلۈكىدىن كۆيۈپ كەتكەن. 22 ياشلىق ماس تەنتەربىيە دەرسىدىن چىقىپ، ھەمراھلىرى بىلەن خۇشال - خۇرام ھالدا مۇنچىغا بارغان. ئۇنىڭ مۇنچىنىڭ سوغۇق سۇ چۈشىدىغان جۈمىكىدىن ئىسسىق سۇ چۈشۈۋاتىدۇ، دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ھەمراھلىرى ئاڭلىغان (ئەمەلىيەتتە چۈش-

كىنى سوغۇق سۇ) ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىككى قولىقى بىلەن ئاغزىدىن توختىماي ئىس چىققان، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بەدىنىگە گۈپپىدە ئوت كەتكەن. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرى يۈگۈرۈپ كىرىپ ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئامال بولماي ئاخىرى ئون مىنۇت ئىچىدە ماس بىر دۆۋە كۈلگە ئايلىنىپ قالغان.

فرانسىيىلىك بىر دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، خاتىرىلەرگە قارىغاندا، دۇنيادا بەدىنىگە ئۆزلۈكىدىن ئوت كېتىپ ئۆلگەنلەر 20 دىن ئاشمايدىكەن. تەتقىق قىلىپ كۆرگەندە بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى قاتتىق روھىي ئازاب چەككەنلەر ئىكەن. بۇ دوختۇر قارىماققا مالى. ماس ناھايىتى شوخ، غەمسىز قىزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇنىڭمۇ كىشىلەرگە ئېيتمىغان دەردى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرغان. ھازىر مۇتەخەسسىسلەر ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيۈش ھادىسىسىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا كىشىنى قايىل قىلالىغۇدەك چۈشەنچىگە ئىگە بولغىنى يوق.

## ئۆلۈمنى ئالدىن بىلىۋالالايدىغان ئادەم

ئامېرىكىدا جىرادى ئىسىملىك 68 ياشلىق بىر دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمنى ئالدىن بىلىۋالالايدىغان ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن. ئەگەر ئۇ بىرسىنىڭ بىر پارچە قارا تۈتەك ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرسە، شۇ كىشى ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ سىرتىغا قاراپمۇ، قارا تۈتەكنى بايقىيالايدىكەن. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى تۇنجى قېتىم بىر ئايال تۇغقىنى ئارقىلىق بايقىغان. بىر كۈنى ئۇ تۇغقىنىنى بىر پارچە قارا تۈتەك ئورىۋالغانلىقىنى كۆرگەن شۇ ئىشتىن ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ تۇغقىنى راك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

جىرادىنىڭ دېيىشىچە، قارا تۈتەك ئۆلگۈچىنىڭ باش قىسمىدا كۆرۈنىدىكەن، ئەگەر قارا تۈتەك سۇسراق بولسا، ئۇ ئادەم ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولىدىكەن؛ قويۇقراق بولسا ئۆلىدىكەن. بىر قېتىم جىرادى بىر بىنانىڭ سىرتىنى قارا تۈتەك قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ بىناغا ئوت كېتىپ ئۈچ ئادەم ئۆلگەن. جىرادى ئۆزىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىپ، زادى تالا ـ تۈزگە چىققۇسى كەلمەيدىكەن. ئۇ: «مېنىڭ كىشىلەرگە ھەتتا ئۆيۈمدىكىلەرگىمۇ قارىغۇم كەلمەيدۇ، ئەمما مەن ئايالىم ۋە بالىلىرىمغا قارىماسام قانداق بولىدۇ!» دەيدۇ.

خالىدە مەھەممەت تەرجىمىسى





# چەت ئەل رەھبەرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى

## ئادەتتىكى پۇقرا بولۇشقا رازى بولۇش

يۇگوسلاۋىيىنىڭ مەرھۇم زۇڭتۇڭى تىتونىڭ ئوغلى ھازىر خېلىلا ياشىنىپ قالدى. ئۇ 19 يېشىدا ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپ، ئاخىر بىر نېفىت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى بولغان. كېيىن يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتى ئۇنى كولودىيا جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان. ئۇنىڭ غايىسى «كارخانا ساھەسىدە تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈش» تىن ئىبارەت ئىكەن.

## ئەدەبلىك ئادەم بولۇپ، ئاتا - ئانىسىغا ئېغىرىنى سالماسلىق

ئەنگلىيە زۇڭلىسى ساچېر خانىمنىڭ ئىككى پەرزەنتى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشايدۇ. قىزى مۇخبىر، ئوغلى بوغالتىرلىقتا ئوقۇغان ھەمدە شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ زۇڭلىنىڭ ئوغلى بولغاچقا ئۇرغۇن شىركەتلەر ئۇنى بەس - بەس بىلەن باش دىرېكتورلۇققا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ سودا ئىشلىرىنى راۋاج تاپتۇرۇشنى ئويلايدۇ. 1984 - يىلىنىڭ بېشىدا ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «كۆزىتىش» گېزىتى ساچېر خانىمنىڭ ئوغلىنىڭ ئەنگلىيىدىكى بىر قۇرۇلۇش شىركىتىگە ۋە كالتەن ئومان دۆلىتى بىلەن 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ كېلىدىغان سودا توختىمى ئىمزالىغانلىقى، دەل شۇ كۈنلەردە ساچېر خانىمنىڭمۇ ئوماندا زىيارەتتە بولغانلىقى، بۇ ئەھۋال مەزكۇر توختامنىڭ تېزدىن ئەمەلگە ئېشىشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. بۇ خەۋەرگە قارشى پارتىيە ئىنتايىن قىزىققان ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئايال زۇڭلىنى «نەپسانىيەتچى»، «ئومۇم ئىشنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنى سەمرىتكەن» دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن. «تۆمۈر ئايال» بۇنداق ناھەقچىلىققا چىدىماي، قارشى پارتىيىگە دەرھال رەددىيە بەرگەن. كىچىك ساچېر، ئۆزىنىڭ نورمال سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئاپىسىغا بۇنداق چوڭ «ئاۋارىچىلىقلار» نى كەلتۈرۈپ بەرگەنلىكىگە بەكمۇ ئەپسۇسلىنىپ، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ئامېرىكىغا بېرىپ خىزمەت قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئاپىسىغا چېتىپ «داستان» يېزىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

## ئۆز قابىلىيىتىگە تايىنىش

ھازىرقى دۇنيادا ھەرقايسى ئەل رەھبەرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ھازىر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىۋاتقىنى سىنگاپور زۇڭ-

گىلسى لى گۇاڭياۋنىڭ ئوغلى لى شەنلۇڭ. ئۇ زوڭلىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، 1952-يىلى تۇغۇلغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ ئەقىللىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بالا بولۇپ چوڭ بولغان. 14 يېشىدىلا ئىنگلىزچە، رۇسچە، مالايشىيا ۋە جۇڭگو تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولغان. 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامدا ئۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر تۈركۈم 30 ياشتىن ھالقىغان ياش ئەزىمەتلەر دۆلەت پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغان. 1986-يىلى لى شەنلۇڭ سودا-سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇۋەققەت مىنىستىرى بولغان. ئۇ ياش ھەم قابىلىيەتلىك بولغاچقا ئاممىا ئۇنى دادىسىنىڭ ئىز باسارى بولىدۇ، دەپ قارىماقتا. لېكىن 1987-يىلى 7-ئايدا لى گۇاڭياۋ مۇخبىرلارغا، زوڭلىدىن ئىبارەت بۇ خىزمەت ئۇنىڭ خۇسۇسىي مال-مۈلكى ئەمەسلىكىنى، شۇڭا ئۇنى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، سىنگاپورغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، لى فامىلىلىكتىن باشقا فامىلىلىك كىشىلەرنىڭ زوڭلىلىق ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلغىنى تۈزۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. سىنگاپورنىڭ ئىچكى كابىنېتى، لى گۇاڭياۋ يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن پېنسىيىگە چىقسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ھازىر 46 ياشقا كىرگەن ۋۇ زودۇڭنىڭ چىقىدىغانلىقىنى قارار قىلغان. لى شەنلۇڭ ۋۇزودۇڭنى ئەڭ مۇۋاپىق نامزات دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئامېرىكىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىۋاتقان يەنە بىر كىشى بار. ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كاتىنىڭ قىزى، بورلاك داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 20 ياشلىق ئەيمىردۇر. ئۇ 1987-يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئىچىدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ كەلمەكتە. 1987-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرى ئەيمىر ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم سوتتا ئەيىبلەنگەن. ئۇ سوتتا تىغ ئۇچىنى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىگە قارىتىپ سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئاخىرىدا، سوت ئۇنى گۇناھسىز دەپ جاكارلاشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامېرىكا جامائەتچىلىكى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان.

مەريەم ئىبراھىم تەرجىمىسى


**«شىنجاڭ ئاياللىرى»**
**ژۇرنىلىغا مۇشتەرى**
**بولۇشقا ئالدىراڭ!**

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى كەڭ ئاممىغا يۈزلەنگەن ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. ئۇ پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى، ئاياللارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئاياللار خىزمىتى ۋە ئاياللار ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئاياللار مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە مەسىلىلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا يول كۆرسىتىدۇ. قانۇن، ئىلمىي ئۇسۇلدا بالا تەربىيىلەش، پەن-تېخنىكا، ساقلىقنى ساقلاش ھەققىدە ساۋاتلار بېرىدۇ.

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق سانلىرىغا جايلاردىكى پوچتىخانىلار 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. باھاسى 0.45 يۈەن، يىللىق باھاسى: 5.40 يۈەن.

كىتابخانىلارنىڭ ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى
تەھرىر بۆلۈمى

# ھۆسن تۈزەشتىكى يامان ئادەتلەر

1. گىرىمنى تازىلىۋەتمەي ئۇخلاش. گىرىم قالدۇقلىرى تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېتىۋېلىپ دانىخورەك پەيدا قىلىدۇ، قىچىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئەڭ ياخشىسى گىرىمنى تازىلىۋېتىش، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى يۈزنى يىلمان سۇدا يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن يېتىش كېرەك.

2. بەدەنگە ئىشلىتىدىغان سوپۇن بىلەن يۈز يۇيۇش. يۈزنىڭ تېرىسى ناھايىتى سەزگۈر بولغاچقا، بەدەنگە ئىشلىتىلىدىغان سوپۇن بىلەن يۈزنى يۇسا، يۈزدىكى تەبىئىي مايىنى چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، يۈزنى نېيتراللىق سوپۇن بىلەن يۇيۇپ، يېنىك ئۇرۇپ قۇرۇتۇش كېرەك.

3. پاسكىنا قول بىلەن گىرىم قىلىش، گىرىمنى سۈرتۈۋېتىش ۋە يۈز يۇيۇش. پاسكىنا قول باكتېرىيە تارقىتىدۇ ھەمدە پەرداز بۇيۇملىرىنى بۇلغاپ، ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇڭا، گىرىم قىلىشتىن ئاۋۋال بولسۇن، پاختا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قولنى پاكىزە يۇيۇش لازىم. سىقىماقلارغا قاچىلانغان گىرىم بۇيۇملىرى نىسبەتەن ياخشىراق. چۈنكى ئۇنىڭدا بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. گىرىم بۇيۇملىرىنى بولۇپمۇ كىرپىك مەلھىمىنى باشقىلار بىلەن ئورتاق ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

4. دانىخورەك ۋە ياشلىق چېچىكىنى قول بىلەن سىقىش. بۇ خىل ئادەت ناھايىتى ئاسان يۇقۇملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە تاتۇق ئىزلىرىنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا ياشلىق چېچىكىنىڭ يۈزدە تۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىدۇ، ھەتتا يۈزنى قاتتىقراق سۈرتىسىمۇ دانىخورەك چىقىدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى يۈزنى ماي سۈمۈرىدىغان قەغەز بىلەن ئېرتىش لازىم. كۆزەينەكنىڭ يۈزگە تېگىپ تۇرىدىغان يېرىنى ئىسپىرت بىلەن پاكىز سۈرتۈپ تۇرۇش، دانىخورەك ۋە ياشلىق چېچەكنى دورا ئارقىلىق داۋالاش لازىم.

5. سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن گىرىم بۇيۇملىرىنى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماسلىق. گىرىم بۇيۇملىرىنىڭمۇ يېمەكلىكلەرگە ئوخشاشلا ئىشلىتىش ۋاقىت چەكلىمىسى بولىدۇ. ھاۋادا بۇلغىنىپ قالسا، ئاسانلا سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا، گىرىم بۇيۇملىرىنى ھەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ كىرپىك مەلھىمى بىلەن كۆزگە ئىشلىتىدىغان سۇيۇق گىرىملەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇپا ھەم سۇيۇق ھالەتتىكى بۇيۇملارنىمۇ يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇش كېرەك. لەۋ گىرىمنى بىرەر يىل ئىشلەتكەندىن كېيىن رەڭگى ئاسانلا ئۆزگىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇپا ۋە تاش ئۇپىنى نىسبەتەن ئۇزۇنراق ساقلىغىلى بولىدۇ. ئەمما پۇرىقى ۋە رەڭگى ئۆزگىرىپ قالسا، دەرھال تاشلىۋېتىش، قايتا ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

غالىب تۇرسۇن تەرجىمىسى
















7. ماھىرە يىقىلدى. ئىلان قۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئاپپاق قاش تېشىدەك بويۇنلىرىنى چىڭ ئورىۋالدى. قىز بۇ غايەت چوڭ بوغما ئىلانغا يەم بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.

8. باتۇر يىگىت ئوقياسىنى بەتلىگەچ ئېتىنى چاپتۇرۇپ قۇيۇندەك يېتىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن ئىلاننىڭ ئىككى كۆزىنى كور قىلدى. ئاندىن قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى چېپىپ تاشلىدى.

9. قىز قۇتۇلۇپ قالدى. لېكىن ھوشىدىن كېتىپ چىمەنلىككە يىقىلدى.

10. يىگىت قىزنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ئۇنى يۆلىمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئىلان ئۈشتۇمتۇت يارىلانغان قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ، بىر تۈرۈلۈپلا قېرى ئۆرۈك دەرىخىنى ئۆرۈۋېتىدۇ. دەرەخ يىگىتنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. يىگىت ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىدۇ.

11. يىگىت ماھىرەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ. ماھىرە ئۇنى تارتىپ ناخشا سادىسى ئىچىدە قۇياشقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

12. قىزنىڭ نالىسى يىگىتنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ بىردىنلا چىققان قۇيۇننىڭ يار دىمى بىلەن ئورنىدىن تۇرىدۇ-دە، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ قىلىچى بىلەن چوڭ بوغما ئىلاننى چېپىپ ئىككى قىلىۋېتىدۇ.

13. قىز ھوشىغا كېلىدۇ. ئۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان قان-تەر بېسىپ كەتكەن يىگىتنى كۆرۈپ ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ.

14. كۆز يېشى بىلەن تەر تامچىلىرى بىرلىشىپ تاغ باغرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشىدۇ.

15. تاغ باغرىدا كۆپكۆك بىر كۆل پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ تىيانشان تېغىدىكى بىر مەرۋايىت — سايرام كۆلىدۇر.

16. سايرام كۆلى بەختنىڭ سىمۋولى. بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەر، ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. سايرام كۆلىنىڭ سۈيى ئازراق تۇزلۇق. چۈنكى ئۇ تەر ھەم كۆز يېشىنىڭ بىرىكمىسىدۇر.















